ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

6

# ئەتەبەتۇلھەقايىق

ئاپتورى: ئەھمەد يۈكنەكى
نەسرىيلەشتۈرگۈچى: ئەلى ھىممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى



ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

6

# ئەتەبەتۇلھەقايىق

ئاپتورى: **ئەھمەد يۈكنەكى**

نەسرىيلەشتۈرگۈچى: **ئەلى ھېمىت**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى ـ 2 (6)
كىتاب نامى: ئەتەبەتۇلھەقايىق
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئەھمەد يۈكنەكى
نەسرىيلەشتۈرگۈچى: ئەلى ھېمىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.875
نەشرى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9
ئومۇمىي باھاسى: 106.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

*ئەدىب ئەھمەد ئىبتىم، ئەدىب پەند سۆزۈم،*
*سۆزۈم مۇنداق قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم*
*— ئەھمەد يۈكنەكى*

پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ يۈكنەك دېگەن خۇش ھاۋالىق بوستانلىقىدا تۇغما ئەما ئاجايىپ بىر روھىيكالان ھەززەت ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز بولغىنى بىلەن، پىكرى ئۆتكۈر، قەلبى ئويغاق بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ساماۋى بالاغەتتە ئارىپلىقىقا يېتىپتىمىش.

تۇغما ئەما شائىر ۋە پەيلاسوپ ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى (1180 — 1110) قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۈكنەك (پەرغانە ۋىلايىتىدىكى جاي) دېگەن جايدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەۋايى ئۆزىنىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ناملىق كىتابىدا شائىرغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «تۈركىي خەلقتىن چىققان ئۇلۇغ ئەدىب، ئۇ ھەر كۈنى ئىمام ئەزەمدىن دەرس ئالاتتى» دەيدۇ. ھەمدە زاماندىشى بەدئىمۇز

زامانىنى ئەھمەد يۈكنەكىدىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى كۆزى ئەما كىشى بولۇشىغا قارىماي باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان، شەيخول ماشايىخ خوجە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شاگىرتى بولغانىكەن.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) دىداكتىك داستان بولۇپ، سۆزلۈك قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە چاغاتاي تىلىغا خېلى يېقىنلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، 1250 — 1260-يىللار ئەتراپىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەسەر 14باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭغا باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغاچ ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512مىسرا بولىدۇ، ئەسەر رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر بەزىدە «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

داستاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ قوليازمىسى بار. بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ئا نۇسخا) بولۇپ، 1444 - يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن، ھازىر بۇ نۇسخا ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئىككىنچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇقۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ب نۇسخا) بولۇپ 1480- يىلى ئابدۇلرازاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدىكى

ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئۇچىنچىسى، يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخا ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپكاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

داستاندا ئىلىم - مەرىپەتلىك، گۈزەل تىللىق - راستچىللىق، مەردلىك - سېخىيلىق، ياخشىلىق - ھالاللىق، كەمتەرلىك - مۇلايىملىق قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق، ئىنسانىي خىسلەتلەرگە زوق - شوقى بىلەن مەدھىيە ئوقۇش ئارقىلىق، جاھىللىق، نادانلىق، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك، يامانلىق، يالغانچىلىق، رەھىمسىزلىك، زالىملىقتا ئوخشاش رەزىل ئىللەتلەر ئوبرازلىق، جانلىق، يەڭگىل شېئىرىي تىل بىلەن قاتتىق ئەيىبلەنگەن. بۇ خىل ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ قىممىتى بىباھا بولۇپ، نۇرلۇق گۆھەردەك خىسلەتلىك، دەريا سۇيىدەك ئۇلۇغ، قاشتېشىدەك سىرلىق ۋە خاسىيەتلىكتۇر. بولۇپمۇ «بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» (خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ).

داستاننىڭ ئالاھىدە بىر يارقىن يورۇق نۇقتىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ ئىنتايىن روشەنلىكى، يەنى خەلقچىللىق، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ بۇلدۇقلاپ تېشىپ تۇرغانلىقى، بولۇپمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى

مىللەت، دىن ئايرىماي «ئاتا بىر، ئانا بىر خەلق» دېگەن يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق روھى ھېسابلىنىدۇ.

شائىر داستاندا باي تەسەۋۋۇر كۈچى، مول تىل بايلىقى ۋە فولكلور سېھرى بىلەن ئىنتايىن يۇقىرى ماھارىتىنى جۇلالاندۇرغان بولۇپ، تەپەككۇرغا قانات بېرىپلا قالماي، ھېسسىياتقا بېغىشلايدىغان ئېستېتىك كۈچمۇ ئاتايىپ. مەسىلەن، «بۇلۇت ئۇششاق قەترىنى ھەدىيە قىلسا، دېڭىز ئۇنى ئاز ـ كۆپ دېمەي قوبۇل قىلىدۇ». «بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر». «بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى چۈشتۇر». «كەڭ قورساقلىق بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر». «راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز» . «نادانلىق ــ يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر». «ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن (كىشى)، تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ» ۋەھاكازا.

مەزكۇر ئوقۇشلۇق، بالىلارغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن توقۇلما پېرسوناژلار ۋە قوشۇمچە ھېكايەتلەر مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاممىباپلىقتا يەتكۈزۈلۈپ شەرھلەندى. ساغلام تەربىيەنى كۆزدە تۇتۇپ، تەقدىرچىلىك ۋە ئىلاھىيەتچىلىك قىلىدىغان دىنىي مىستىك قاراشلارنىڭ بىرىمۇ كىرگۈزۈلمىدى. كىچىك

دوستلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنى، تەپەككۇرىغا قانات، قەلبىگە نۇرلۇق چىراغ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەي ياخشىلىققا قول ئۇزاتقۇچى ئەزىز ئىنسان، ئاڭلا، ئەدىب ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى ئېيتۇدۇلەركى:

ئايا مەندىن كېيىن كەلگەنلەر قېنى؟
ئوقۇساڭ دۇئادا ئۇنتۇما مېنى.
ساڭا ھەدىيەدۇر بۇ تاڭسۇق سۆزۈم،
ماڭا قىلسا دەپ ياخشى دۇئا سېنى.

# مۇقەددىمە

*داد ئىسپەھسالار ئۈچۈن بۇ كىتاب،*
*چىقاردىم جاھاندا ئاتى قالسۇن دەپ.*
*كىتابىمنى كۆرگەن، ئىشىتكەن كىشى،*
*شاھىمنى دۇئا بىرلە ياد قىلسۇن دەپ.*

*ـــ ئەھمەد يۈكنەكى*

بۇك ـ باراقسان تال ـ تېرەكلەر بىلەن يېشىل مەخمەل تون ياپقان گۈزەل تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېھرىي لاتاپىتى بىلەن مۇساپىرنىمۇ ئىشقىدا كۆيدۈرۈپ، كۆزىگە نۇر، چېھرىگە ئاپتاپ بەخش ئېتەتتى. كۆڭۈل قۇشى ئەركىن يايرايدىغان بۇ ساپ ھاۋالىق خىلۋەت ماكاندا ئاجايىپ زور ئىلھام، ھىممەت بىلەن ياخشىلىققا قول باغلاپ بىر كىچىك «ھەقىقەت ئىشىكى» ئېچىلدى!

ـــ شاھىمنىڭ ياخشى نامى قالسۇن دەپ داد ئىسپەھلار بەگ شەرىپىگە بىر كىتاب يازاي دەيمەن. ئادىللىق، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، خەلقچىللىق مېۋىلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇد دەرىخىدىن پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەنلىكىدىن، ئۆزلۈكىدىن ئەل ـ ئاۋامنىڭ كەڭ ئېتىكىگە تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەي بالام، بۇنى بىلگىنكى،

شاھىمنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سانىغان كىشى، چۆلدىكى قۇم ۋە شېغىلنىڭ سانى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن.

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، — دېدى ياش تالىپ جانىبېك خۇددى يالقۇنجىغان ئوتتەك ھاياجانلىنىپ، — بۇلۇت ئۇششاق قەترىنى ھەدىيە قىلسا، دېڭىز ئۇنى ئاز - كۆپ دېمەي قوبۇل قىلىدۇ. شاھىمنىڭ قارىن - كۆكسى دېڭىزدىن مىڭ ھەسسە كەڭدۇر، بۇ ئەرزىمەس مەدھىيەنى قوبۇل قىلسا، ئەجەب ئەمەستۇر.

— شۇنداق بالام، ئۇ زېرەكلىكتە ئاينى بېسىپ چۈشىدۇ، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقتا ئانۇشىرىۋاننىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ ئېھسانى ئالدىدا بۇلۇت خىجىل بولىدۇ، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

سەپەر ئېيى كىرىپ قالغانلىقتىن خانىقاغا كېلىپ - كېتىپ، يېتىپ - قوپۇپ تۇرىدىغان سوپى - دەرۋىشلەر، مۇساپىرلارمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتاتتى. ۋەز ئېيتىش، سەدىقە بېرىش، زىكرى ئېيتىشتىن تارتىپ ھەممە ئىشلاردا ھەزرەتنىڭ بۇ مەھرەملىرى ئاجايىپ چوڭ كۈچ بولاتتى. دەرۋىشلەر، سوپىلار ۋە زىكرىگە قاتناشقۇچىلار ھالقىسىمان غۇژمەكلىشىپ يوغان سېيدىلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنغان كىگىزلەردىن ئورۇن ئېلىشاتتى. ئىبراھىم سوپى يەسەۋى ھېكمەتلىرىدىن ئوقۇپ زىكرىنى باشلىغاندا، ئەتراپ قايىنامدەك ئۆركەشلەپ، قىزىپ تەرەپ - تەرەپكە تاشلاپ « ھە - ھۇ» قىلىشىپ مەيداندا چاك كەلتۈرەتتى. ئىمان ئېيتىشتىن تارتىپ ھېكمەت ئېيتىشقىچە

بولغان ئارىلىقتىكى ھېيسسىياتنى تەسۋىرلەش بەسى مۈشكۈل بولسا كېرەك.

بۈگۈنكى ھاۋامۇ ئوچۇق، ئاپتاپ مېھرىنى كۆرسىتىپ، زەر تونىنى كىيىپ سەيلىگە چىقتى.

يۈكنەك مەدرىس خانىقاسىنىڭ كەڭ پېشايۋانلىق، باراڭلىق ھويلىدىكى كەڭ سۈپىدا سۆھبەت داستىخىنىغا ئىلىم ۋە ھېكمەتتە ھەزرەتتىن جىق تەلىم ئېلىپ تولغان ئايدەك مۆلايىمغىنە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، ھاپىزلىق سەنئىتىگە ماھىرلىقى ھەم چېۋەرلىكى بىلەن ھەممىگە يېقىشلىق ئوتتۇرا ياشلىق خەلپە ئىبراھىم سوپىمۇ داخىل بولدى. تال ـ تال ئالتۇن نۇرلار بۈككىدە باراڭ ئارىسىدىن تاراۋاتقان سېھىرلىك شولىدەك جىلۋە قىلاتتى. قۇشلارنىڭ زوق ـ شوقى تېشىپ تومۇزدىكى شار ـ شار بۇلاقتەك كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى. باغ ئارىلاپ سۈس ئۈچقان شامال ئۈزۈم، ئالما، جىگدە دەرەخلىرى ۋە رەيھان، يالپۇز، ياۋا كۆكتاتلارنىڭ مەستخۇش ھىدىنى دىماغقا ئۇراتتى. قىسقىسى، جىگدە چېچەكلىرى كۆچلۈك گۈپۈلدەپ ياشلىق ھېسلارنى قىيغىتىپ تۇرىدىغان يازنىڭ تازا پىشىپ تولغان مەۋسۇمى ئىدى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب بىلىمدىن سۆزۈمگە ئاساس سالىمەن ………… 1

ئىككىنچى باب تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن … 12

ئۈچىنچى باب دۇنيا — ئېتىزلىقتۇر، ياخشىلىق تەرگىن … 26

تۆتىنچى باب بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل ………… 34

بەشىنچى باب تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇر، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت ………… 42

ئالتىنچى باب تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر ……… 49

يەتتىنچى باب يامانلىققا ياخشىلىق قىل ……… 57

سەككىزىنچى باب زاماننىڭ ئەيىبلىمەي، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلە ………… 65

توققۇزىنچى باب «ئۆزۈم كەتتىم، سۆزۈم قالدى» ……… 71

بىرىنچى باب

# بىلىمدىن سۆزۈمگە ئاساس سالىمەن

قويۇق تەك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا رەتلىك ساڭگىلاپ تۇرغان غۇچچىدە مۇناقى ئۇزۇملەر خۇددى زىننەت چىراغلىرىدەك كىشىنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى. ئۇزۇم تېلى ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان چىرايلىق قاپاقلار سېھىرلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. باراڭ ئاستىدىكى كەڭ سۇپىدىكى كونا گىلەم ئۈستىگە قېلىن كۆرپىلەر سېلىنغان، تۇلۇقچە تەكيىگە يۆلەنگىنىچە «شەيخۇل ماشايىخ، سۇلتانۇل ئارىپىن» خوجا ئەھمەد يەسەۋى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇمىدلىك ئىز باسارى بولمىش پەدەر ئۇستاز ئەھمەد يۈكنەكى خورما تەسۋىسىنى سىيرىغىنىچە بېشىنى قىيسىق قىلىپ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدا ھەزرەتنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بۇخارالىق ئىبراھىم سوپى، تۈركمەن يېتىم بالا جانىبېك قاتارلىق خەلىپىلىرى دەرەقەمتە ئولتۇراتتى. ئىبراھىم سوپى تۆگىدەك ئېگىز بولۇشىغا قارىماي، تېنىدەك شۇنچىلىك تېتىك ئىدىكى،

شەربەت تەييارلاشتىن تارتىپ قەنت ـ گېزەك، تاتلىق ـ تۈرۈملارنى داستىخانغا ئۆزى بىر قوللۇق تىزىپ بولاتتى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى خىلۋەت بۇلاقتەك ئويچان، تىنىق قاپقارا كۆزلىرىدىن ياشلىقنىڭ تەپتى ئۇرغۇپ تاشاتتى. ئۇ سەككىز يېشىدىن باشلاپ بۇخارادىن ھەزرەتنىڭ ھامىيلىقىدا ھەزرىتىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى يۇكنەك دېگەن ھاۋالىق جايغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇنىڭ ئاتىسى بۇخارالىق چوڭ سودىگەر بولۇپ، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، خانىقا، مەدرىسەلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ھېسابلىناتتى. ھەزرىتىم بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغىنىدا، ھەزرىتىمنىڭ ئەمالىقىغا قارىماي ئىلمىي ئىلاھىيدىن يەنى «ۋەھىي» ، «ئىلھام» ، «پاراسەت» ئۇرۇقىنى دىلغا تەرگەنلىكى ئۇنى ھەيرانۇھەس قىلغان، ئالىي ھۆرمەت تەختىدە ئورلتۇرغۇزغانىدى، ئۇ بۇ جەرياندا ئوتۇن تېرىش، سەدىقە تىلەشكە چىقىش، كۆكتات تېرىش، باغ پەرۋىشىدىن تارتىپ تەرەت سۈيى تەييارلاش، ھەزرىتىمگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتىنى قىلىشقىچە ھەممە ئىشنى قىلاتتى. ھەزرەتنىڭ يېنىدا كۈن بويى يەسەۋى تەرىقىتىنى مۇتالىئە قىلىپ، يادقا ئالغان، مېغىزىنى چېقىپ، ئاپپاق قەغەزدەك غۇبارسىز كۆڭۈل دەپتىرىگە يازاتتى، توم ـ توم، خۇرۇم مۇقاۋىلىق قۇرئان ـ ھەدىس ۋە شەيخۇل ماشايىخ قۇلخوجە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق

شېئىرىي دىۋانىغىچە قانچە يۈز قېتىم ئوقۇغانىدى. ئوتتۇز ياشقىچە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىلمى ئۆگەندى. ھەزرىتىمىنىڭ بىرىنچى قول خەلىپىسى بولۇپ قالدى. بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئارابوي كەلگەن، يوغان چىرايلىق قوي كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر نۇر يېغىپ تۇرىدىغان مۇلايىمغىنە يەنە بىر يىگىت قارا تاغنىڭ قارناق دېگەن قىشلاقىدىن كەلگەن ياش تالىپ جانىبېك بولۇپ، ئۇمۇ يەسەۋى تەرىقىتىگە ئىقرار بولغان، ئۇستا خەتتات، شېئىرخۇمار، ئۆتكۈر پىكىرلىك ياش ئىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرىگە نائىل بولغىلى ئۈچ يىلچە بولاي دەپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئىبراھىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى جايىدا ئورۇنداپ كېلىۋاتاتتى. داستىخانغا ئۈزۈم، ئانار، قەنت - گېزەك، گۆلە، پېچىنە، ئاقنان - كاكچىلار تۆكمە قىلىنغان، يالتىراپ تۇرغان چېچەك نەقىشلىك مىس چەينەك، فار فۇر چىنىلەردە قىزغۇچ، خۇش پۇراق چاي جىلۋە قىلاتتى. سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئاشلانغان تېرىدىن ئالاھىدە ئىشلەنگەن چوڭ بىر كىتاب، بىر توپ نەپىس ئىشلەنگەن سارغۇچ خوتەن قەغىزى، بىر دانە قومۇش قەلەم ۋە كىچىككىنە يالپاق چىنىدە ئېزىپ تەييارلانغان قۇندۇزدەك قاپقارا سىياھ قويۇقلۇق تۇراتتى. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن سۆھبەت يەنە باشلاندى.

— ئەي ئوغلۇم، بىلىمدىن سۆزۈمگە ئاساس سالىمەن، — دېدى پېشقەدەم ئەدىب سالماق تەلەپپۇزدا، — شۇنىڭغا ئىخلاس

قىلغىنكى، بىلىمگە ئۆزۈڭنى باغلا. سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم بىلەن سائادەت يولىنى ئاچ.

ئەدىبنىڭ قويۇق ئۆسكەن، مۇزدەك ساقىلى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. ياداڭغۇ يۈزىدىكى سانسىز قورۇقلارمۇ كىشىگە بەئەينى گۈل بەرگىدەك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. تۇغۇلۇشتىن تا ئۆمۈر بويى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا تەشنا بولۇپ زارىققان قاپقارا كۆزلىرى شۇ تاپتا يۈلتۇزدەك چاقناپ ۋاللىدە ئېچىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق باستى. ئەدىب ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تەپەككۇر كانلىرىدىن سايسىپرىق يالتىراپ تۇرغان سۆز تىللالىرىنى سېخىيلىق بىلەن مەردلەرچە تۆكمە قىلدى. كۆزلىرىدىن ئۆمىد نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئارا بويلۇق كېلىشكەن تەلەيلىك بۇ يىگىت تەلەپچان، مېھرىبان ئۇستازىنىڭ ھېكمەت گۆھەرلىرىنى كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ ئاپپاق بەتلىرىگە تىزماقتا ئىدى.

ــ بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر. ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر. بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ. ھالبۇكى، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

ــ ئەي مەۋلانەم، ــ دېدى ئىبراھىم سوپى يوغان قوي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ــ ھوقۇق ئىمتىيازى، ئالتۇنى

بولمىغان ئادەمنىڭ بەخت يولتۇزى ئېگىزگە ئۆرلىگەن نەدە بار؟ كىتاب تۇتقان قول بىلەن تىللا سانىغان قول ھامان پەرقلىقتۇ؟

— ئەي ئوغلۇم، شۇنى بىلگىنكى، ئادەم ھوقۇق، مال - دۇنياسى بىلەن ئەمەس، بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ. بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ نامى تىرىك بولىدۇ. بەرھەقكى، بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ، تەڭلەشتۈرگەندە بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ. ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن، بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار !؟ بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى، ھەق رەسۇل: «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن. بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ، بىلىم تەمىنى ئەي دوست، بىلىملىك بىلىدۇ. بىلىڭكى، بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ، بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟ دانالارنىڭ سۆزىگە ئېتىبارسىز قارىما. دانالار دۆلەتتۇر، ئۇلارغا قول بېرىپ خىزمىتىنى قىل. ئىپار قاچىلانغان تۇلۇمدىن ئىپارنى ئېلىۋەتسىمۇ، ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ خۇش ھىدى كەتمىگىنىدەك، دانالارغا يولۇقساڭ ساڭىمۇ ئەقىل - پاراسەت نۇرى ۋە پەزىلەتنىڭ خۇش ھىدى قالىدۇ.

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى ئىبراھىم سوپى ھاياجانلىق ئىلكىدە تىترەپ تۇرۇپ، — بىلىمنىڭ چىرىغى شىرنىڭ ئاغزىدا بولسىمۇ جانىنى پىدا قىلغۇلۇق، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇش دانالىقتۇر. چۈنكى، بىلىم

چىرىغى مەڭگۈ غۇۋالاشماس. بىلگىنكى، ئىلىملىك كىشى گۆھەرلىكتۇر. بۇنداق نۇرلۇق گۆھەرگە ئېرىشكەن كىشى تۈگىمەس خەزىنىگە ئىگە بولغاندۇر. ئۇ شۇنداق خىسلەتلىككى، ئۇنى بورانمۇ ئۇچۇرالمايدۇ، سۇمۇ چۆكتۈرەلمەيدۇ، بۇلۇتمۇ باسالمايدۇ. بىلىم مىسلى قۇياش نۇرىدۇركى، پۈتۈن ئالەمگە گۈزەللىك، ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. بۇنداقلارنىڭ ھەرقانداق ھاجىتى راۋا بولۇر. كۆڭلى ـ كۆكسى ئازادە، خۇشال بولغايكى، خالايىق ئالدىدىمۇ يۈكسەك مەرتىۋىلىكتۇر. بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك، دۇرۇس بولماس. ئىلىمدىن يۈز ئۆرۈش — كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. شۇڭا، ئىلىمگە ئۆزۈڭنى يالقۇنلات، ئىلىم ئال، سۆي، نۇسرەت تاپىسەن، بالام.

— ئەي دانىشمىنىم، ماڭا جاۋاب بەرگىن، — دېدى جانىبېك مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ، — بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ يەنە قانداق ئىللەتلىرى بار؟

— بىلىملىككە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت پايدىسىز تۇيۇلىدۇ، قارا، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ، ئۇ ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ. بىلىمسىز ھەممە ئىشتا ئۆكۈنىدۇ. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا قىسمەت يوق. بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ. بىلىمسىزلەر دائىم بىلمەستىن سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

قاراپ باق ئوغلۇم، بىلىمسىزلىكتىن ياخشىلىق كۆرگەن بىرەر ئاق كۆڭۈل كىشى بارمۇ؟

— مېنىڭچە، يوق. چۈنكى، بىلىمسىزنىڭ ماڭغان يولى قارا بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كۆڭلىمۇ قارا بولىدۇ، شۇنداقمۇ ھەزرىتىم؟

— شۇنداق، بىلىمسىزلىكنىڭ قىلمىشى پۇشايماندۇر. ئويلاپ باق، يىلىكسىز سۆڭەككە ئىتمۇ غاجاش تۈگۈل، قاراپمۇ قويماس. دىنار بىلەن يارماقنىڭ قىممىتى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن ؟! بىلىمنى ئىزدەشتىن ئەسلا يانما، شۇ چاغدىلا، ئۇ ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ. ئۇنىڭ مېھرى چەكسىزدۇر، بالام، بۇنىڭغا ئىشەنگىنى قوي.

— بۇزرۇكۋار ھەزرىتىم، — دېدى ئىبراھىم سوپى ئەدەپ بىلەن ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر مۇلايىم قىلىشقا تىرىشىپ، — بۇرۇن بىر ئاكا ـ ئۇكا بىللە سەپەردە بوپتۇ. ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپ بىر ئاچالغا كەپتۇ. قارىسا، يولنىڭ بىرىگە «تىللا لازىم بولسا قالىسەن» دېگەن خەت، يەنە بىر يولغا «بىلىم لازىم بولسا ئالىسەن» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بوپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، بايلىق ماكانىغا قاراپ يۈرۈپتۇ، ئۇكىسى بىلىم ـ مەرىپەت يولىغا راۋان بوپتۇ. ئاقىۋەتتە، ئاكىسى ئىككى كۆزى قارىغۇ ھالدا ئاچ قورساق، سۇسىز، بىرتېرە، بىر ئۇستىخان ھالدا ئاران دېگەندە ئۆمىلەپ باشتا كەلگەن ئاچالغا كەپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا بىر

خالتا ياقۇت ـ كەھرىۋا يالتىراپ تۇرغۇدەك. ئۇكىسى نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىپ، تۇم ـ تۇم دىۋانلارنى ئېلىپ، ئارغىماقىقا ئولتۇرۇپ كەپتۇ. قارىسا ئاكىسىنىڭ ھالى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن. ئۆلۈم پۇرىقى بۇرنىدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغۇدەك. ئۇكىسى قايغۇرۇپ، جىددىي ھەرىكەتكە كەپتۇ. ئاخىر ئۆگەنگەن تېبابەت، ئىلمىنۇجۇم ۋە جادۇگەرلىك بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ ئاكىسىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئەمما، ئاكىسىنىڭ كۆزى ئېچىلغان ھامان ئېلىپ كەلگەن مەرۋايىتلار ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ساقايغاندىن كېيىن، ئۇكىسىدىن قاتتىق ئاغرىنىپ ئۇنى تىللاپ، ئۇرۇپتۇ. قولدىن كەتكەن مال ـ دۇنياسىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە زار ـ زار يىغلاپ بۇ پانىي دۇنيا بىلەن قايتىدىن خوشلىشىپتۇ.

بۇ بىر ھېكايەتتىن مەن شۇلارنى بىلدىمكى، ئىلىمدەك ئەڭ گۈزەل، ھەقىقىي دوست بۇ دۇنيادا يوقتۇر، بىلىمنى دوست تۇتۇش ــ ئىمانلىق مۆمىننىڭ بەخت ـ ئىقبالى سانىلىشى كېرەك.

ــ مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، مەن بولساممۇ بىلىم يولىنى تاللايتتىم. بۈگۈنكى سۆھبەتتە بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدىكى دۇردانە تەلىماتلىرىڭىزدىن سوغۇق، قاراڭغۇ كۆڭلۈم كۈندۈزدەك يورۇپ ئىسسىدى. سۆز دۇردانىلىرىڭىزنى بىرمۇبىر تىزىپ ئالدىم. ئاخىرىدا شۇنى بىلگۈم بار، نادانلىق نېمىشقا بىتەۋپىققە ئامراق؟ بىلىمنىڭ نۇر ـ

ھېكمەتنىڭ بايانى قانچىلىك؟

— ئەي تەنتەك بالام، بىلىشىڭ كېرەككى، ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر. بايامقى ھېكايەتتىكى ئاچ كۆزنىڭ ئۆلۈمى شۇنىڭدىندۇر. بەرھەق، مۇلۇكسىزگە بىلىم تۈگىمەس مۇلۇك، نەسەبسىزگە بىلىم ئۈزۈلمەس نەسەب. ئۇنىڭغا ئېرىشمەي دەيدىكەنسەن، ئۆز نەپسىڭدىن ۋە روھىڭدىن غالىب كېلىشىڭ كېرەك. سۆزۈمنى ئاڭلا، بىلىمنىڭ خىسلىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسمان بىلەن پەگاھنىڭ پەرقى يوق. شۇ ئىسىڭدە بولسۇنكى، ھەق رۇسۇل: «بىلىم چىندە بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن.

— بىلىم ئىزدەپ چەككەن جاپانىڭ كەينى راھەت. ئەمدى بىلىم ئۆگەنمەي، نېمىگە قاراپ تۇرغۇلۇق؟ مېنىڭچە، بىلىمنىڭ گېپىنى قىلسىمۇ، كىشىنىڭ كۆڭلى يورۇيدۇ. شۇنداقمۇ، ھەزرىتىم؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. ئالدى بىلەن سەۋرلىك بولۇشۇڭ كېرەك. سەۋرىدىن ھالۋا پۈتىدۇ، دېگەن گەپ بار. چىدامچانلىق ئۇنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، مېھنەتنىڭ تېگى راھەتتۇر، بالام. قارا، شام ئۆزىنى شۇنداق ئۆرتىمىسە كېچىنى يورۇتالامدۇ ؟! شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ئىلىمگە ئىخلاس قىلىش — ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىدۇر. ئازراق جاپادىن قېچىپ، ئۆگىنىشتىن قاچقانىنى ئەمدى نېمە دېگۈلۈك ؟!

— ئەي مېھرى ئىسسىق مەۋلانە پەدەرىم، — دېيىشتى خەلپىلەر تەڭلا، — بۈگۈنكى تەلىملىرىدىن قايتا قان تاپقاندەك بولدۇق. بىلىمدىن قانچە سۆز ئاچساقمۇ دىلىمىز قانمايدۇ، سۆز گۆھەرىدىن ۋۇجۇد ئالىمى نۇرلانغاي. گۈلخانىنىڭ ئوتى ھامان ئۆچىدۇ، بىراق بىلىمنىڭ ئوتى قۇياشتۇركى، ئەبەدىلئەبەد يالقۇنجايدۇ. بىلىمخۇمارلىق ئىنسان پەزىلەتلىرىنىڭ بېشى، كۆڭۈل بوستانلىرى ئۇنىڭ مېھرى ئاپتاپ گۈلشەنىدە باراقسانلىغاي، ھەزرىتىمىنىڭ ھېكمەتلىرىنى دىۋان سۈپىتىدە تۈزمەك پەرزىمىزدۇر، دۇئالىرىنى بەرسىلە پىرىم، ساخاۋەتلىك كەرەم مەدەت قىلغاي!

بۈزرۈكۋارىمىزنى بەك چارچىتىپ قويدۇق. كەمىنە تالىپلىرىنىڭ تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلغايلا، ئەمدى ئىجازەت بەرسىلە بىزمۇ ھۇزۇرىمىزغا يانساق.

بۈك - باراقسان تەكلىك ھويلىنىڭ سۈپىسىدا، ياشانغان ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھاياتلىق چىرىغى ئۆچۈپ قالماستىن ھەممىنى بىراقلا بۇ ياش بوغۇنلارغا ئۆگەتكۈسى كېلەتتى. شام ناماز ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن پاتىھە قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

بۇ كېچە جانىبىكنىڭ خىيالى غۇچچىدە سىرلىق جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپىدەك گۈزەل ھەۋەسلەرگە باي ئىدى. ئۇ تۈن بويى بىرەر تال كىرپىك قاقماي دېگەندەك، ئاخىر تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى ھەم شۇنداق چىرايلىق بىر چۈشمۇ كۆردى.

چۈشىدە پەدەر ئۇستاز ئەھمەد يۈكنەكى ئۇنىڭغا بىر سىرلىق گۆھەر قۇتىنى بەرگۈدەك. جانىبېك زەر قۇتىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىچىدە سۆز ـ جۈمىلىلەرى يالتىراپ تۇرغان تال ـ تال باغاقچىلار تۇرغۇدەك. جانىبېك ئۇرغۇپ تۇرغان زور ھاياجانلىق ھېسسىياتتا قول ئۇزىتىشىغا، توساتتىن ھەر باغاقچە تال ـ تال زەر نۇرلارغا ئۆزگىرىپ ھەسەن ـ ھۈسەندەك تۈن قاراڭغۇسىنى سېھرىي نۇرغا تولدۇرۇپ جۇلالاندۇرغۇدەك.

## ئىككىنچى باب

# تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن

جانىبېك قومۇش قەلەمنىڭ سېھرىدە دانىشمەن ھەزرەتنىڭ قەلب دېڭىزىدىن ئۇرغۇن سۆز جاۋاھىراتلىرىنى ماھىر غەۋۋاستەك سۈزۈپ، ئۇنى سۈپەتلىك خوتەن قەغىزىگە ھۆسنخەت كامالىتىدە نەقىشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھەقىقانىيەت نۇرىدىن ئىلىلىپ، ئىپادىلىگۈسىز بىر قايناق ھاياجاندا لەيلەيتتى. تەپەككۇر كەپتىرى روھ ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلغىنىدا، ئۇ ئۆزىنى مەۋلانە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان ئاشۇ يورۇق ـ نۇرەپشان چاغلارنى كۆرگەندەك بولدى. بۈگۈنكى سۆھبەتمۇ بۈزرۈكۋار ھەزرەتنىڭ بېغىدىكى سۈپىدا ئېلىپ بېرىلدى. قۇشلارنىڭ تىنىمسىز ۋىچىرلاشلىرى خۇددى ئۇلارنىمۇ بۇ كاتتا سۆھبەتكە داخىل بولغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

— ئەي مەۋلانە پەدەرىم، — دېدى ئىبراھىم سوپى كونا ئادىتى بويىچە سوپى ھېكايەتتىن سۆز ئېچىپ، — بۇرۇن بىر يېزىدا بىر جۈپ مېيىپ ئەر ـ خوتۇن ئۆتۈپتىكەن. بىرىنىڭ

قۇلىقى گاس، ئەمما سۆزلىيەلەيدىكەن. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، بىر- بىرىگە شۇنداق مېھرىبانلىقتا خۇشال - خۇرام، بەختلىك كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقاق بىر قوشنىسى بولۇپ، ھەدېسە، سەت تىللار بىلەن تىللىشىپ، ئورۇنسىز غوۋغا قىلىدىكەن. ئۇلارنى بولسا، ئوچۇق - ئاشكارا ئاڭلىمايدۇ، گەپ قىلالمايدۇ دەپ خالىغانچە تىللاپ، كەمسىتىپ بوزەك قىلىدىكەن. يەر - باغلىرىدىن ئۆزلىرىگە يەر قوشۇۋالىدىكەن ... ئەمما، مېيىپ ئەر - خوتۇنلار ئازغىنە يەرنى دەپ ئۇلار بىلەن ئارازلىشىپ يۈرمەپتۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق زالىملىقلىرىغا چاندۇرماي، چىشىنى چىشلەپ جىم ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. ئۆزىنىڭ توغرا يولىدا پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋېرىدىكەن. مۇشۇنداق مەردلەرچە ئىناق ياشاشتىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلار ئۆزلىرىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقاق ئەسكى مىجەزلىك قوشنىلىرى بولسا، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ يامان تىللار بىلەن كۈندە دېگۈدەك ماجىرالىشىپ ئۆتكەچ، بىرى گاس، بىرى گاچا بولۇپ قاپتۇدەك. ھەقىنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈڭ، ئەي دانىشمىنىم. تەۋپىق نۇرى ئاتا قىلغايلا. نە ۋەجدىن دەرد - ئەلەم، پۇشايمان - ھەسرەتنىڭ پۇت - قولى يوق تۇرۇپمۇ كۆڭۈل ئۆيىگە بۆسۈپلا كىرىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا بىرەر ئامال بارمۇ؟

— مەردلەرگە جاھاننىڭ يولى كەڭرىدۇر، بالام. تىل ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بېشىدۇر. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن،

ئۇلار ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ. تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن. ئەگەر، ئۇ قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر. كۆپ مەمەدانلىق قىلغان تىل قارشى تۈرغىلى بولمايدىغان دۈشمەندۇر. شۇڭا، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغىپ تۇت، ئىغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

— ئەي ھەزرىتىم، خالايىق «كۆپ سۆزلىگەن كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ» دەيدىكەن. تىلنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەن كىشىنى ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەت دېيىش مۇمكىن. ئەخمەقلىقنىڭ ئۇرۇقى تىل، تېرىمىسىمۇ ئۇنىدىكەن. ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى نەدە؟

— دېگىنىڭ راست، بالام. كۆپ سۆزلەش نادانىنىڭ ئىشى، ھامان بېشىڭغا چىقىدۇ. دانالار بۇنى بىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ، كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىغىز بوشلۇقى نۇرغۇن ئاشنى يېدى. بۇنىڭدىن ساۋاق ئال، كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما. شۇنى بىلگىنكى، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ. لېكىن، دىل يارىسى ساقايمايدۇ. تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر، ئۆز تىلى سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ. كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ، تىلنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگىنى قېنى ؟!

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى جانىبېك، — ئۇلۇغ بىر

تىنىۋېلىپ، ــ بۈزرۈكۋار ھەزرىتىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي) ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئۇلۇغ دىۋانىدا «ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بىردىنبىر تەرجىمان تىلدۇر، ئادەمنى ئادەم قىلغۇچى بىلگىنىكى تىلدۇر» دەپ ئېيتقانىكەن. ئۇشبۇ سۆزنىڭ مېغىزىنى ئەمدى چاققاندەك بولدۇم. كەمىنە كەم سۆز، زېرەك بولۇشنىڭ ئويناپ سۆزلىگەندىمۇ ئويلاپ سۆزلەشنىڭ ئادەم بالىسىنى يۈكسەك قەدىرلەپ قىممەت، ئالتۇن تەختكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھاكاۋۇرلۇق، شاللاقلىق، پوچىلىقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، ماڭا يەنە بىر نەرسە قاراڭغۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ مەنبەسىنى خۇددى كىشىلەر ھايات كەچۈرۈشىدە زادى كەم بولسا بولمايدىغان ھاۋاغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگىنىدەك تىلغا سەل قاراشتىن كەلگەن دېيىشكە بولامدۇ؟

ــ شۇنداق، كىشىگە ھەر ئىش كەلسە تىلدىن كېلىدۇ. كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىكى، تەن ھەر تاڭدا تۇرۇپ، تىلغا يۈكىنىپ يالۋۇرىدۇ. ئەگەر بىر كىشىدە مۇشۇ ئىككى نەرسە بىرىكسە، ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قورۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا، ئىككىنچىسى، يالغان سۆزلەشتۇر. ئەي ئىبراھىم، بۇنىڭغا بىرەر قىزىق

ھېكايىتىنىڭ يوقمۇ؟ ــ دېدى ھەزرەت مۇلايىملىق كۈلكىسىنى كۆرسىتىپ.

ــ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ــ دېدى ئىبراھىم سوپى گېپىنى قىرىپ، ــ سامى ئىسىملىك بىر كىشى سالپاڭ قۇلاق ئېشىكىنى مىنىپ ئويمان ـ دۆڭدىن ئېشىپ قوشنا قىشلاققا بارماق بوپتۇ. بىراق، بىر ئاش پىشىم ماڭغا ـ ماڭمايلا، ئېشىكى بىرىنچى كىچىكتىن سۇ ئىچىپتۇ. ئېشەك سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن سامى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىچىكلەردىنمۇ ئېشەك يەنىلا سۇ ئىچىپتۇ. بۇ قېتىممۇ سامى تەخىر قىلىپ ئېشىكىنىڭ سۇ ئىچىپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئېشەك قەدىمىنى يۆتكىگەندىن كېيىن يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىراق بەشىنچى كىچىككە كەلگەندە ئېشىكى يەنىلا تۇمشۇقىنى سۇغا تەگلەپ ئۇزاق تۇرۇپتۇ. ھە دېسە سۇ ئىچمەن دەپ كەچ قويۇۋاتقان ئېشىكىدىن بىزار بولغان سامى ئېگىشىپ قاراپ ئېشىكىنىڭ تۇمشۇقىنى سۇغا يېقىن ئاپىرىپ خۇددى سۇ ئىچكەن قىياپەتتە تۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئېشىكىنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار بولغان سامى قولىدىكى تايىقى بىلەن ئېشەكنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرنى سايتۇ ـ دە، قالغان يولىنى ئېشىكى ئۇسساپ كەتسىمۇ سۇغا بويىنىنى سوزۇشقا رۇخسەت قىلماي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. «يالغانچى رىزىقتىن قالار» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

— يالغانچىلار ھامان خار - زار بولىدۇ. بۇنداق شەرمەندىلىك كىشىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ئابرۇيۇڭنى تۆكىدۇ، ئەل راست سۆزلىسىمۇ ئىشەنمەس بولىدۇ. ئاقىللار بۇنداق كىشىلەردىن نومۇس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ۋاپا چىرىغى خىرە - خۇنۇكتۇر. يالغانچىنىڭ يۈزىمۇ ھىجىيىپ كۆلۈپ، قاھ - قاھ ئۇرۇپ تۇرسىمۇ ھەرۋاقىت نۇرسىز، سۇرۇن كېلىدۇ. راستچىل كىشىنىڭ ئىشى يورۇشلۇق، ئىقبالى يورۇقكى، سۆزلىسەڭ راست سۆزلەشنى ئادەت قىل. ئۇ بىر تۇماركى، خاسىيىتى چەكسىزدۇر. شۇڭا، سەممىي كىشىنىڭ مۇرادى چۆل - دەشتتىمۇ ھاسىلدۇر. دېمەك، راستچىل، ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ بەختى قوشكېزەكتۇر. ئۇلار خۇددى خىلۋەت دالىدىكى غۇبارسىز گۈل - چېچەكتەك خۇش تەبەسسۇم، لاتاپەت بىلەن كۆڭۈلگە ياقىدۇ. پاكلىق، ھالاللىق، بەختىيارلىق خۇددى سۇزۇك نۇردەك جىلۋە قىلىدۇ.

— بىلدىمكى، زېرەك، ۋىجدانلىق كىشى سەممىي كېلىدۇ. بۇنداقلار قۇدرەتلىك بولىدۇ. بىراق، يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام دېگەندەك، ئۇنداقلار رەسۋايى ئاجىزلاردۇر. راستچىللىقنىڭ مۇكاپاتى سائادەتتۇر، يالغانچىنىڭ ئۆمرىمۇ كوتا بولىدىكەن. خۇددى چاقماق ئەگرىلىكتىن تېز ئۆچكىنىدەك. دېمەك، ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆزىنىڭ بەختىنى قارا قىلغان. ئەي ھەزرىتىم، بۇلبۇلنىڭ ئاغزى كىچىك، ئاۋازى يېقىشلىق. ئېشەكنىڭ ئاغزى چوڭ، ئاۋازى يېقىمسىز بولۇشى نېمىدىن؟

— ئەي بالام، راست دەيسەن، يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە

تەزگىن، ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن. بۇلبۇل بىلەن ئېيشەكنىڭ پەرقى شۇكى، بىرى يۇمشاق، يەنە بىرى قوپال سۆزلەيدۇ. بىرى ھاماقەتلىكتىن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ، بىرى ئىشق ئوتىدىن خەندان سۆزلەيدۇ. دەر ھەقىقەتكى، راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە. ئۇنىڭ بىلەن بەخت ئىشىكىنى ئاچ. سۆزدە مۇلايىم، دۇرۇس بولغىن. باشقىلارنى ماختىساڭمۇ ياكى تەنقىدلىسەڭمۇ ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمە. ئاشۇرۇپ سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئىشەنچسىز كېلىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا قوي، ئەسلا چىنپۇتمە. سەمىمىي كىشى نېمە دەيدۇ ئاڭلا. سۆزى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق بولىدۇ. يېرىم گەپنىڭ مېغىزىمۇ شاكىلى بىلەن ئارىلاش بولىدۇ. شۇڭا، توغرا سۆزلە، سەمىمىيلىكنى مىزان قىل، قۇرۇق لاپتىن ئېغىزىڭنى بۇلغىما، كۆڭۈلنى پۇشايمان تىغىدا تىرىملايسەن. بۇ خۇددى ئوچاقتا لاۋا ـ مەنگەننى قۇرۇق بولامدۇ ياكى ھۆل بولامدۇ ئايرىماي، كەپلەپ سالساڭ، كۆزۈڭگە ئىس كىرىپ، ئاچچىق ياش تۆككەنگە ئوخشاش.

ــ ئەي ھەزرىتىم، شۇنىڭغا ھەيرانمەن، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم نە ۋەجدىن ئىنساننىڭ قۇلىقىنىڭ شەكلىنى دۇر مەرۋايىتقا لىق تولغان سەدەپنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ ياراتقان؟ تىلنى بولسا، غاردا ياتقان زەھەرلىك يىلاندەك سۆڭەكسىز ياراتقان؟

ــ قەپەستىن چىققان قۇش ئۇچسا، ئۇنى تۇتۇش قانچە قىيىن بولغىنىدەك، ئېغىزدىن چىققان تىلنىمۇ ھەرگىز قايتۇرۇۋالغىلى

بولمايدۇ. دىلنىڭ ۋەھىيسى ۋە مېڭىنىڭ ئازارى تىل قۇشىنى قەپەستىن قاچۇرۇپ قويۇشتىن بولىدۇ. تۆمۈرنىڭ تىغى قول بىغىشنى كەسكىنى بىلەن، تىل زەھىرى يۈرەك بىغىشنى كېسىدۇ. شۇڭا، تىلىڭنى تىزگىنلەپ سۆزلىگىن. تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ ئۆزۈڭ قوغدىلىسەن. رەسۇلۇللا: «كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى تىلدۇر» دېدى، تىلىڭنى يىغ، ئوتتىن يۈزۈڭنى قۇتقاز. قۇلاقنىڭ دۈرغا لىق تولغان سەدەپنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغىنى شۇكى، راست گەپنىڭ ھەسەلدەك كىشى قەلبىگە شىپايى ھۆزۈر بولىدىغانلىقىدا. يالغان گەپنىڭ پىيازدەك توغرىغاندا كۆزدىن ئاچچىق ياش چىقىرىپلا قالماي، ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلغىنىدەك بىر ئىش بولغانلىقىدا. ئەي چېچەن ئوغلۇم، ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن. دانالار دەيدۇكى، يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر. شۇنى ھاياتلىق مىزانى قىلغىنكى، راستچىل بول. راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال، كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن. جىنچىراغ تۇزلۇكىدىن ئۆزۈنىچە قاراڭغۇ تۈنى يورۇتۇپ تۇرالىغىنىدەك، راستچىل كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. چاقماق ئەگرىلىكىدىن تېز ئۆچكىنىدەك، يالغانچىنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ. شۇڭا، ئەگرىلىكنى قويۇپ، راستچىل تونىنى كىيگىن. شۇنى بىلگىنكى، كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر.

— تىل ئەقىل - پاراسەت كۆۋرۈكىدۇر. گۈزەل تىل

كىشىنىڭ كىمخاب تونىدەك ئۇنىڭغا لاتاپەت ۋە ھۆسن ـ جامال ئاتا قىلىدۇ. تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. تىلنى ئارسلاننى باغلىغاندەك زەنجىر بىلەن كىشەنلىمەك پەرىزدۇر. بىلگىنكى، ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ، بىرى ياخشى ھەرىكەت، يەنە بىرى، ياخشى سۆز دېمەك. شۇنداق ئىكەن، ياخشى سۆزۈڭنى كىشىلەردىن ئايىما. سۆزۈڭ مىسكىن كۆڭۈللەرگە باھار ئاپتىپىنى چاچسۇن. بەختىيار تۇيغۇلارغا باھار يامغۇرىدىن ئۇنچە ـ مارجان چاچسۇن. بايقىساڭ جاھاننىڭ چاقى شۇنداق ئايلىنىدۇكى، ھەممە نەرسە ئاخىر قۇرۇپ تۈگەيدۇ. باھارنىڭ قىشى بار، پەقەت ياخشى سۆزۈڭ يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ كۆڭۈللەر بوشلۇقىدا چاقنايدۇ. بۇنىڭغا چىنپۈتكىن، شۇڭا سۆزۈڭنى ياخشىلىققا جورىغىن.

ــ ئەي دىلى يورۇق، ئاي مەسەللىك مەۋلانىم، ــ دېدى ئىبراھىم سوپى ۋەزىمىن ئاھاڭدا، ــ تىلنى قانداق تىزگىنلەش پەرزدۇر؟

ــ كىشىنىڭ يالتىراپ تۇرغان قىممەت باھالىق تونىغا قارىما، بەلكى تۆكۈلۈپ تۇرغان سۆزىگە قارا. سۆز ــ كۆڭۈلنىڭ ئەينىكىدۇركى، قازاندا نېمە بولسا، ساپلىققا شۇ چىققىنىدەك كىشىنىڭ قەلبى قانداق بولسا، سۆزىمۇ ئۇنىڭ شولىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سۆزى بىردەك بولمىسا، ئۇنداق كىشىلەردىن دەرھال قول ئۈز. ئورۇنسىز ياغلىما سۆزلەرگە مايىل بولسا، ئۆلگۈدەك ئازاب، تۈگىمەس ھەسرەتكە دۇچار قىلىدۇ.

ئۇنداقلار بىلەن ھەمداستىخاندا بولما.
— يالغانچىلىق — كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. شۇنى چوڭقۇرراق بىلگۈم بار. سەممىيەتسىز كىشىنىڭ سۆپەتلىرى قانداق بولىدۇ، ھەزرىتىم؟
— يالغانچىنىڭ رەڭگىرويى زەپىران، ئىتى خۇنۇك، تىلى كېكەچ، ئۆمرى كوتا كېلىدۇ. تىرنىقى قارا، قان يوق بولغاچ، چىركىن ـ قىرىندىلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدۇ. ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولماي دېسەڭ، ئۆتكۈر تىغ بىلەن ئۇنى كېسىپ، ئېگىز دەرەخنىڭ تۇۋىگە چوڭقۇر كۆمۈۋەت.
— بىھۇدە ئاۋارىچىلىككە، تۈگىمەس بوھتانغا قالماي دېسەڭ، ئىككى يۈزلۈك كىشى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما. ھەرقانداق يامان چۈشكە تەبىر بەرمەك بولساڭ، سۆزۈڭنى ياخشىلىققا بۇرا. چۈنكى، مەرد كىشىگە مال ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي، كىچىك پېئىل بىلەن بېزەلگەن ساپ كۆڭۈللۈكتۇر. ئەي ئىبراھىم، — دېدى ھەزرەت، — بۇنىڭغىمۇ بىرەر ھېكايەت سۆزلە.
— بۇرۇنقى زاماندا، — دېدى ئىبراھى، سوپى بېشىنى كونا ئادىتى بويىچە ئېگىپ تۇرۇپ، — بىر نامرات ئوتۇنچى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ، ياناشىدا جىلغىدىكى بىر كىچىك كۆلدىن سۇ ئىچكەندە تۇيۇقسىز پالتىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى بىردىنبىر تىرىكچىلىك قورالى بولمىش پالتىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا بەكمۇ قايغۇرۇپتۇ. كۆڭلى

بۇزۇلۇپ، كۆل بويىدا كۆزلىرىنى ياشلاپتۇ. شۇ چاغدا كۆل سۈيى شىددەت بىلەن چايقىلىپ ئۆركەشلەپتۇ. چاچلىرى ئۇزۇن، ئۇچىتەك ئاقارغان، بويى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پاپا مويسىپىت بوۋاي كۆلۈمسىرەپ چىقىپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

ــ ئەي مۆمىن، نېمىشقا بۇنچىلىك ئازابلىنىپ، ئۆكسۈپ يىغلايسەن، مېنى ئارامخۇدا ئارامىمغا قويمىدىڭغۇ !؟

ــ ئەي ئاتا، ــ دەپتۇ ئوتۇنچى، ــ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ــ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مەن مۇھتاجلىقتا ئۆتكەن بەندىمەن. بۇ دۇنيالىقتا بىرلا بايلىقىم شۇ پالتام ئىدى، بايا ئۇنى بىخەستەلىكىمدىن سۇغا چۈشۈرۈپ قويدۇم. مەن ئەمدى تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزىمەن. شۇڭا، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ياش تۆكۈپ سايتىمەن.

پاپا سۇغا شۇڭغۇپتۇ ـ دە، بىر ئالتۇن پالتىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەمما، ئوتۇنچى بېشىنى چايقاپتۇ. پاپا قايتا سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ يەنە بىر كۈمۈش پالتىنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئوتۇنچى يەنە بېشىنى چايقاپتۇ. ئاخىر پاپا ئوتۇنچىنىڭ كونا پالتىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئوتۇنچى رەھمەت ئېيتىپ پالتىسىنى تونۇپ ئېلىپتۇ. پاپا ئۇنىڭ سەمىمىي گەپ قىلىدىغان ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىدىن تەسىرلىنىپ ئالتۇن، كۈمۈش پالتىلارنىمۇ قوشۇپ ھەدىيە قىلىۋېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۆزىنىڭ راستچىللىقىدىن بېيىپ كېتىپتۇ. شۇڭا دەيمەن، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىمەن دېسەڭ، تىلىڭنى زەنجىرلە، كۆزۈڭگە پەردە

تارت، گېلىگىغا تور سال. بىلگىنكى، كىشىگە ھەممە كەلگۈلۈك مۇشۇلارنىڭ ئەركىدىن بولىدۇ. ئەما، سەمىمىي بولدۇم دەپ ئىچىڭدىكىنى بىراقلا تۆكۈۋەتسەڭ بولماس. چۈنكى، بەزىلەر كۆپىنچە سۆز سۆزلەپ پۇشايمانغا قالىدۇ. يامغۇرنىڭ ئالدىدىكى بۇلۇتنىڭ يۈكسەك ئېتىبارى بولىدۇ، بارلىقى زار - زار باقىدۇ. ئاللادىن يامغۇر ياغدۇرۇشنى تىلەيدۇ. يامغۇرنى تۆكۈپ بولدىمۇ، ئۇزاقا بارماي شامالدا تارقايدۇ، كىشىلەر خۇشاللىقىدا ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— گەپ نېمە سۆزلىسەڭمۇ ئەھۋالغا قاراپ، مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلە. زۆرۈرىيەتسىز گەپ ئېچىشتىن ساقلىنىش كېرەككۇ دەيمەن. مەيلى راستچىللىق بىلەن سۆزلە، بەربىر، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى سەن دېگەندەك نەتىجە بېرىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئەكسى ئېغىزدىن چىققاننى ھېچ يوشۇرۇپ بولالمايسەن، خۇددى ئېتىلغان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك. قېزىلمىغان تاش گۆھەر پېتى ساقلىنىدۇ، قېزىلدىمۇ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ بىر تاش، خالاس.

— مېنىڭچە، سىر ساقلاشنىڭ ئۆزى نومۇسنى ساقلاشقا ئوخشاش قىممەتلىك. پايدىسىز سۆزگە قۇلاق قويماسلىق ھەم ئېغىز ئۇپراتماسلىق دانالىق بولىدۇ. كىشىنىڭ بېشىغا ئۆز ئايىغىنىڭ ئاستىدىن چىققان چاڭ قونغىنىدەك، ئۆز ئاغزىدىن چىققان سۆزمۇ بېشىغا چىقىدۇ. شۇڭا، كونىلار: «ئاغزىڭغا كەلدى دەپ دېمە، ئالدىڭغا كەلدى دەپ يېمە» دەپ بىكار ئېيتمىغان

بولسا كېرەك.

ــ دوستلار سىر ساقلاشنىڭ ئۆزى ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ شەيخىم؟

ــ ئۇنداق بولمايدۇ. بىلگىنكى، دەريا قەلبىدە سىر قىلىپ ساقلىغاچ، سەدەپنىڭ ئىچىدە قەترە دۇرغا ئايلانغان. شۇڭا، دوستۇم دەپ سىرىڭنى ئېيتىۋەرمە. ئەل دەيدۇكى، تامنىڭ ئارقىسىدىمۇ قۇلاق بار. ھەزەر قىل، ھەرقانچە ئىشەنچلىك دوستۇڭ بولسىمۇ، سىرىڭنى ئۆزۈڭ ساقلىيالمىساڭ، دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ. ئېغىزدىن چىققان سۆز يادىن ئۇچقان ئوققا ئوخشاش، بۇنى ياخشى ئويلان. يەنە سېنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ياراغنى غىلاپقا مەھكەم باغلىغاندەك ناكەستىدىن سىر ساقلىغىن، ئۇلارنىڭ ئاغزى مورىغا ئوخشاشتۇركى، تۈتۈنىنىڭ ئاچچىقىدىن ھېچكىمگە نەپ بولماس.

سۆھبەت ئاخىرلاشمايلا، ھويلىغا بىرمۇنچە بۇخارالىق شەيخ، سوپىلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزۈن مەنزىللەرنى بېسىپ، ھىرات شەھرىدىن يېتىپ كەلگەن بىر كىچىك كارۋان كىرىپ كەلدى. ھەزرەت قىزغىن سالام ـ ئىكرام بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئالدى. ئىبراھىم سوپى، جانىبېكلەر پۈتى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

زىكرى قىلىش پائالىيىتى شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، «ھە ـ ھۇۋ !» قىلغان سادالار يۇكنەك ئايمىقىنىڭ تىنىق ئاسمىنىدا جاراڭلىغاندەك ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى. ھېكمەت ئېيتىشمۇ

تەڭ ئېلىپ بېرىلغاچ، سورۇنغا قويۇق ئەدەبىي تۈس بەخش ئەتتى. بولۇپمۇ جانىبېك بىلەن ئىبراھىم سوپىنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان ھەۋەس ئوتلىرىنى يالقۇنجىتىپ، ئىلھام قىزلىرىنى چىللاپ كەلگەنىدى.

يەسەۋى تەرىقىتى يۈكسەكتىمۇ قانات سۆرەپ، ئۇزلۇكسىز كېڭىيىۋاتاتتى، ئەلۋەتتە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تۆھپىسىنى سەل چاغلىغىلى بولماس، ئۇنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسى ئىبراھىم سوپى بىلەن جانىبېكلەردە جۇلالىنىپ، مانا مەن دەپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى باب

# دۇنيا ـــ ئېتىزلىقتۇر، ياخشىلىق تەرگىن

مەۋلانە ئەھمەد يۈكنەكى ھۇزۇرىدا بۈگۈنكى سۆھبەت شۇنداق باشلاندىكى، جانىبېكنىڭ قەلىمى خاتىرىلەشكە ئاران - ئاران ئۈلگۈرەتتى. مۆھتەرەم ھەزرەتنىڭ روھىي ھالىتىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ، باھاردىكى شوخ ئېقىندەك جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. ئاسمان پانۇسى پەقەت مۇشۇ ھويلىغىلا پۈتۈن مېھرىنى بېغىشلاپ سۈتتەك نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچقاندەك ئەتراپ شۇنداق بىر يېقىملىق تۈسكە كىرگەنىدىكى، يوپۇرماقلار مەرۋايىتتەك، يۇلتۇزلاردەك يالتىراق بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. جانغا راھەت تۇن شامىلى بۇ تاغلىق كەنتنىڭ ساھىبجامال گۈلباغلىرى بىلەن لەرزان مۇزىكىغا جور بولغىنىچە ۋالىسقا چۈشكەندەك قىلاتتى.

ـــ ئەي بۇزرۇكۋارىم، ـــ دېدى جانىبېك ـــ باھار چېچەكنىڭ خۇش ھىدى دىماغلاردىن كەتمەي تۇرۇپلا، ياز بۇلۇتلىرى قارا يامغۇر - يېشىنلارنى باشلاپ كەلدى. كەمىنە مىسكىنمۇ ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپلا، ھايات ئاچاللىرىدا ئالدىراپ

چەرخىنىڭ چاقىغا يۆگىشىپ، نى ـ نى بوران ـ چاپقۇن، ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم. نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان بولسامۇ، ئاقىۋەت جاھاندىن ھەقىقىي خۇشلۇق كۆرمىدىم. ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدا ئاچچىق يىغلاپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى باقىي ئالەمدىكى كەلمىش پاجىئەنىڭ ئالدىنئالا بەرگەن بىر بېشارىتىمىدۇر؟ بۇ دۇنيانىڭ رەڭدار نەيرەڭلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە تەلىم بەرگەن بولسىلا، كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى قارا بۇلۇتلار تارقاپ، مېھىر ـ مۇھەببەت دەرياسىغا قېنىپ بىر چۆمۈلسەم كاشكى.

ـــ ئەي چېچەن ئوغلۇم، بىلگىنكى، بۇ دۇنيا يولۇچىلار چۈشۈپ تۇرىدىغان سارايدۇر، سارايغا چۈشكۈچىلەر مېڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ كەتتى، ئالدى بىلەن قوزغالغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن ؟! نېمىشقا بۇ دۇنيانىڭ كەينىدىن يۈگۈرگۈلۈك؟ خەسىسلىكتىن ساقلىنىشقا ئۆزۈڭ كۈچە، نېمىشقا مال ـ دۇنياغا بۇنچىۋالا كۆڭۈل بېرىسەن؟ بۇ مال ـ دۇنيا ئەتىگەندە كەلسە، كەچتە يەنە كېتىدۇ. مۈلۈكپەرەسلىكنى كۆڭلۈڭدىن چىقارغىن، پۈتۈن قورسىقىڭ توق بولسا شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن. ئەتىگە ئوزۇقۇڭ بولمىسا، بۇ يوقسۇللۇقتۇر، مۈلۈك يوقلۇقىنى يوقسۇزلۇق دېمە.

ـــ بۇددا چوقۇنىدىغان زامانىدا، كوسەن ئېلىدە سابو ئىسىملىك بىر مەرد كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىككى قولىنى مەشئەل قىلىپ كۆيدۈرۈش بەدىلىگە يولدىن ئازغان ئىككى

سېخىي ساخاۋەتچىنى ئۆلۈم غارىدىن سالامەت قۇتقۇزۇپ چىققانىكەن. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى مىڭئۆي غارلىرىغا نەقىشلىنىپتۇ. نامى پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ. بۇ نېمىدېگەن دىيانەتلىك!؟ بۈگۈنكى زاماندا سابودەك مەرد ئەزىمەتلەر زادى قانچىلىك؟! ئۇنىڭ ياخشىلىقى پۈتۈن خالايىققا نۇرلۇق مەشئەل ئەمەسمۇ.

— توغرا دەيسەن، بالام، — دېدى ھەزرەت تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — جاھاندا نېمە قالىدۇ؟ ئويلان، بالام، ياخشىلىق بەندىنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ شۇنداق بولىدۇ. خۇشاللىققا ئېرىشمەكچى بولساڭ، خاپىلىقتىن قورقما، خاپىلىقتىن خۇشاللىق ئىزدە، خۇشاللىقتىن خاپىلىقنىمۇ كۆرگىن.

— خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، ئامەت بىلەن ئاپەت بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشماقكەن. تەقدىرنىڭ ئىنسانغا قىلغان بۇ چاقچاقلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلماق زۆرۈر؟

— ئەي يىگىت، ئاڭلا، بۇ دۇنيا نەرسىلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كىيىدىغانىنىلا ئال، ئارتۇق تىلىمە. گۇناھ يۈكلىنىدۇ. دۇنيا — ئېتىبارسىزلىقتۇر. ئاڭلا، ئىشلە، ياخشىلىق تەرگىن. شۇ يادىڭدا بولسۇنكى، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس، ھۇزۇر - ھالاۋىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال. شۇنداق، يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ، قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ جىمى نەرسىلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق. مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ، ئاقىۋەتتە، باشقىلارنىڭ قىسمىتى. بۇ شۇنداق

چۈرگىلەپ تۇرىدىغان جاھانكى، ھەممە كۆپ نەرسە ئازىيىدۇ، تەل نەرسە كېمىيىدۇ. بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ. ئادەملىرى سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى، ھازىر ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى. قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى، قېنى ئۇلاردىن مىڭدىن بىرى؟

— بىر تېيىن ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتقان بۆرىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۆرە ئاچچىقلاپ ئۇنى يېمەكچى بوپتۇ. تېيىن يالۋۇرۇپ، مېنى قويۇۋەتكىن، دەپتۇ. بۆرە، بوپتۇ، بىراق ئالدى بىلەن ماڭا جاۋاب بەر، سەن نېمىشقا كۈن بويى خۇشال ئويناپ شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرىسەن. مەن بولسام ھەمىشە ئازابتىن تولغىنىپ ھەسرەت چېكىپلا يۈرىمەن؟ دەپتۇ. سەن مېنى ئاۋۋال قويۇۋەتكىن، مېنى مىجىقلىۋالساڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئاۋازىم چىقمايدۇ، دەپتۇ تېيىن شەرت قويۇپ. تېيىننىڭ تەلىپى بويىچە بۆرە ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. تېيىن بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، دىككىدە سەكرەپ دەرەخ شېخىغا چىقىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشۈڭ، ئۆزۈڭنىڭ ياۋۇز ھەم ئىچىڭنىڭ زەھەر بولغانلىقىدىن. بىزنىڭ خۇشال ـ خۇرام ياشىشىمىز بولسا، بىزنىڭ كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ئەسكىلىك قىلمايدىغانلىقىمىزدىندۇر.

مەن بۇ ھېكايەتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. پانىي دۇنيا گويا چوڭ ئېتىزلىقتۇر. نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن،

شۇنداقـقۇ؟ كۈلـەمـسـەن ياكى يـىغلامـسـەن ئۆز خۇي - پەيـلـىڭگـە باغلىق. بەزىلەر يامانلىقنى ئويلاپ، بىر ئۆمـۈر راھەت كۆرەلـمـەي ئۆز جېنىنى ئۆزى قىينايدىكەن. ئوت ئوينىغـان كىشـىنىڭ قولـى كۆيمەسلىكى مۇمكىنمۇ ؟!

ــ مەنمۇ بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن. قانائەت قىلمىغـان كىشى ئاشۇنداق قىتىغۇر، قارا كۆڭۈل بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارغا قىلغان يامانلىق ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭگە قىلغان دەرد - ئەلەمدۇر. قىزىل كۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك كـۆزگە كۆرۈنمـەس دۈشـمەندۇر. ئۇ بـەئەينى بىـر قورقۇنچلۇق ۋابادۇركـى، كىمكـى يولۇقـسا، تۇگـىمـەس ھەسرەتـكـە دۇچار بـولـغـاي. كـىمـدىـن ئاغرىنغۇلۇق ؟!

ــ جاھـانىنىڭ ئـاجايىپ رەڭدار ئويۇنلىرىغا كـۈلۈپلا قـويـۇش كۇپايە، شـۇنداقمـۇ؟ بـىھۇدە ئـازابلىنىـشىنىـڭ، ئـارتۇقچـە ئـاۋارە بولۇشنىڭ نېمە كېرىكى ؟!

ــ دېگىنىڭ ئورۇنلۇق،ــ دېدى مەۋلانە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكـى ئېغىر بىر ئۇھسىنىپ،ــ قارا، دۇنيا كۈلۈمسىرەيدۇ ھەم قاپىقىنـى تۇرىدۇ. كۆزۈڭنـى يوغان ئاچ، ئـۇ شۇنداق بىـر سېھىـرگەركى، بىـر قولىدا ھەسەل تۇتـۇپ، بىر قولـىدا زەھەر ساقلايدۇ. ئاۋۋال ھەسـەل بېرىپ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قـويۇپ، كېيىـن زەھەر قېتىلغـان قەدەھنى سۇنىدۇ. شۇڭا، تاتلىقنى تېتىغان زەخمەت ئونلاپ كېلىـدۇ. بۇ دۇنـيا سىرتـتىن قارىـماققا گـۈزەلدۇر. لېكـىن، ئۇنىـڭ ئىچـىدە تۈمەنلىگەن رەزىللىكلەر بار. سەن ئـۇنىڭ تـاشقى بېـزىكىنىـلا

كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرسەڭ بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ. بىلگىنكى، بەخت گويا ياز بۇلىقى ياكى بىر قۇشتۇر. تۇرماستىن كېتىپ قالىدۇ ياكى قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇنداقكەن، بۇنى ئەمدى كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق !؟

— بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، — دېدى ئىبراھىم سوپى كونا ئادىتى بويىچە ھېكايەتتىن گەپ ئېچىپ، — بىر تومۇز ياز كۈنى ئۇ ئوۋغا چىقىپ، يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ ۋە قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ ئاران ھالى قاپتۇ. قارىسا يېقىنلا بىر يەردە بىر كەپە كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. ئۈمىد شامىنى ياندۇرۇپ، شۇ ياققا قاراپ قامچا سايتۇ. پادىشاھ ھويلىغا كىرىپ ، ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولۇپ،

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن بار ! — دەپ بىر ياشانغان دېھقان چىقىپتۇ.

— ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بار تەخسىر، — دەپ ئىككى تال ئانارنى ئېلىپ چىقىپتۇ بوۋاي. پادىشاھ ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن «مەن بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى تۇرسام، مۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بېغىمدا يوق، بىر گادايىنىڭ بېغىدا بولۇشى ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟ توختا، بۇ ئانارنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتەي !» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، يەنە ئانار تەلەپ قىپتۇ. دېھقان يەنە ئىككى تال ئانار ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەمما، بۇ قېتىم يېگىنى بەكلا ئاچچىق ئىكەن، پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— نېمىشقا ھېلىقى ئاناردىن ئېلىپ چىقمىدىڭ، — دەپتۇ

دېھقانغا ھومىيىپ قاراپ. دېھقان بايامقى ئاناردىن ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ، پادىشاھ.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن ؟!— دەپتۇ ئاچچىقىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا،— دەپتۇ بوۋاي،— ئەيىب بىزدە ئەمەس، پادىشاھىمىزدا، پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ھەرقانداق تاتلىق نېمە ئاچچىق تۇيۇلىدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، يامان نىيىتىنى ئۆزگەرتىپتۇ. دېمەك، كۆڭۈلنىڭ بۇزۇلۇشى كىشىنى بىھۇدە ئازابقا قويىدۇ. نىيەتنى پاك تۇتۇش ئاقىلانىلىكتۇر.

— مېنىڭچە، كۆڭۈلنىڭ ساپلىقى، تەننىڭ ساپلىقىدۇر. شۇنداقمۇ؟

— مەنچە، شۇنداق بولۇشى كېرەك. تەمەگەرلىكتىن ئۆزگەن مېۋە شۇنداق ئاچچىق، بەئەينى زەھەردۇر. ھالال تەردىن يېگەن زاغىرنىڭ تاتلىقلىقىغا ھەسەل ۋە شېكەرنىڭ لەززىتىمۇ تەڭلىشەلمەيدىغانلىقىغا چىنپۇتكىن، يامانلىقنىڭ زەھىرى يۈرەكنى كېسىدۇ، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈر تىغ بارمۇ؟ يامانلىق شۇنداق ئوتكى، باغرىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياخشىلىق سۈيى بىلەن بۇ ئوتنى ئۆچۈرگىن.

— ئەي ھەزرىتىم،— دېدى جانىبېك قايىللىق بىلەن مۇلايىم

تەلەپپۇزدا، — دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن ماڭىدۇ. گەپ ئۇنى قانداق چۈشىنىشتە ئىكەن. مەن بۇگۇنكى قىممەتلىك تەلىملىرىڭىزنى چوقۇم يادىمدا چىڭ ساقلايمەن ھەم تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمنىڭ ئەڭ يارقىن قىبلىنامىسى قىلىمەن، ئالىي ھەزرەتلىرىنى كۆپ چارچىتىپ قويدۇم، تەنتەكلىكىمنى كەچۈرگەيلا. ئەمدى پېقىرغا بىر دۇئا بەرسىلە، مەن يانسام.

مېھمانلار ھەپتە تۇرۇپ قالغاچ، ھەزرەت ۋە جانىبىكلەرگىمۇ ھاردۇق يەتكەن بولسا كېرەك. بۇگۇنكى سۆھبەت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتمىدى. ئەمما، كۆڭۈللەرنىڭ پىچىرلاشلىرى ئۇزۇنغا داۋاملاشسا كېرەك.

## تۆتىنچى باب

# بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل

— ئەي ھەزرىتىم، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەت ۋە ئەڭ چاكىنا ئىللەت نېمە؟ — دېدى جانىبېك ھۆرمەت بىلەن ھەزرەت ئەدىبكە چاي قۇيۇۋېتىپ.

— ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەت بولسا مەردلىك، ئەڭ يىرگىنچلىكى بېخىللىقتۇر. شۇڭا، ماختىساڭ، مەردنى ماختا، بېخىلغا نەپرەت ئوقياسىنى ئاتقىن. جاھانغا باق، ھەممە تىل مەردلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، مەردلىك بارلىق ئەيىبلىكنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ. مەرد بول، ساڭا تىل ـ ئاھانەت كەلمىسۇن، چۈنكى، ئۇ تىل ـ ئاھانەت يولىنى ئېتىدۇ. شۇنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەردلەر ئېگىدۇ، يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلەر يېتىدۇ. بېخىللىقنى ماختىغان تىل قېنى، قەيەردە، مەردلىكنى ئاددىي ۋە خاس خەلق ماختايدۇ.

— بېخىللىق جاھىل مەرەزكى، بارلىق تەشۋىش،

پالاكەتچىلىكنى باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ خۇددى يولۇققا تېرىلغان غايىۋى تىكەنكى، پۇتۇڭغا ئەمەس، دىلىڭغا سانچىلىدۇ. ئېيتە، ئۇنى ئالىدىغان مەردلىك يىگىنىسىنى نەگە چۆرۈۋەتتىڭ؟!

مەردلىكنى خار قىلغىنىڭ ئۈچۈن، دوزاخ ئوتىدا كۆيمەكتىن باشقا ئامال يوق. كۆزۈڭنى يۇم، قولۇڭنى تارت، باھار بولۇتىدەك موھتاجلىق ئېتىزىغا ساخاۋەت يامغۇرىنى تۆككىن.

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى ئىبراھىم قول باغلاپ تۇرۇپ، — مەردلىكنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە بېخىللىقنىڭ سۆپەتلىرىنى ماڭا ئايدىڭ قىلغىن. روھىمنى كىشەنلەپ تۇرغان خىلىتلاردىن خالاس بولاي.

— قارا، مەردلەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ، مال - دۇنياسىنى شۇنىڭغا ساتتى ۋە مەدھىيە ئالدى، ئۇلار مىسكىنلەرگە تىلەكداش بولۇپ ياشىدى. بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى. بېخىل هارامدىن كۆپلەپ ئالتۇن - كۈمۈش يىغدى، ئۆزىگە گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭدىن بېخىلغا تەگكىنى پۇشايماندىن ئىبارەت بولدى. ئەي مال ئىگىسى، مەرد ياخشى ئادەم، تەڭرى ساڭا بەرگەندەك، سەنمۇ بەرگىن. ئەيىبلەنگەن ۋە قارغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەردۇر. ئەگەر بېرىشنىمۇ بىلسەڭ، قانچىلىك يىغساڭ يىغقىن. بىلىشىڭ كېرەككى، ئىنسان تەبىئەتىنىڭ ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئەيىبسىزى مەردلىكتۇر. بىلگىنكى، بېخىللىق

ئۇلارنىڭ ئەڭ چىركىنىدۇر، ئۇنىڭدىن يىراق بول.

— بىر بېخىل باي قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، ئۆلۈم ئۇنىڭغا كۆلۈپ قاراپتۇ. بېخىل باي ئامالسىزلىقتا بارلىق تىللالىرىنى خەجلەپ، تەلىيگە ساقىيىپتۇ. ئەپسۇس، بېخىل باي قولدىن كېتىپ قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە تۈنلىرى كىرپىك قاقماي، قاتتىق ئاچچىق يۇتۇپ، قايتىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ ھەزرىتىم، تەلىم بەرگەيلا، بۇ قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ بىرەر داۋاسى يوقمىدۇ؟

— يوق. چۈنكى، بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلدۇر. بىرىشكە كەلگەندە بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭدۇر. يېيىش بىلەن ئاچ كۆز بېخىلنىڭ كۆزى تويمايدۇ، ئۇ مال ـ دۇنياغا قۇلدۇر، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر. بېخىل شۇنداقكى، ناكەس، ئەخمەق ۋە مۈلۈك ساقچىسىدۇر. يېمەي ـ ئىچمەي يىغىدۇ ۋە ئۇنى چىڭ تۇتىدۇ. ھايات ۋاقتىدا دوستىغا تۆزىنىمۇ تېتىتمايدۇ، ئۇ ئۆلىدۇ، مېلى قالىدۇ، قىزىقى شۇكى، ئاخىرىدا مېلىنى دۈشمىنى يەيدۇ.

— بېخىللىقنىڭ ۋاباسىدىن ساقلىنىش ھەقىقەتەن تەسكى، نەپسنى خار قىلىشمۇ ئوڭاي ئەمەس. شۇنداقمۇ ھەزرىتىم؟

— ئەلۋەتتە، تاغقا چىقماقتىن چۈشمەك تەس بولىدۇ. ئەمما، شۇنى بىلگىنكى، ھېچكىمگە نەپ بەرمىگەن ناكەسلەردىن زەررىچە ئۈمىد ۋە ياردەم كۈتمە. ئۇلار باشقىلار تۇرماق، ئۆزىگىمۇ ياردەم

قىلالمايدىغان بىتەۋپىقلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئىچمە. يىگىنىڭنىڭ بارنى قۇسۇپ بىھۇدە ئاغرىققا قالىسەن. بىخىللىق شۇنداق ۋاباكى، كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى روھىي كىشەن. بىخىللارنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ. نە بىرەر قۇش، نە بىرەر جانىۋار ئۇندىن نەپ ئالالىغان !؟ بىخىلنىڭ بىردەم ئويغا پېتىپ تۇرۇپ قالغىنى مىڭ نامراتقا زىيان سالار. ئۆزۈڭگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالماي دېسەڭ، ئۇنداق پەس تەبىئەتلەردىن يىراق قاچ، قانچە يىراق بولساڭ شۇنچە ياخشى.

ــ بىخىللىق كىرىنى نېمە بىلەن يۇغۇلۇق؟

ــ ئەي بالام، نەپسىڭنىڭ قۇلى بولما. مەردلىك ئەرنىڭ زىننىتى. بىلىشىڭ كېرەككى، خەلق ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئادەم مەرد ئادەمدۇر. مەردلىك شەرەپ، ئىقبال ۋە جامالنى ئاشۇرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەتكە ئېرىشمەك بولساڭ، مەردلىكنى ئۆزۈڭگە دائىم ھەمرا قىل. چۈنكى، مەردلىك بارلىق ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ.

ــ بۇرۇن چاشقانقا كېپەك ئالدۇرمايدىغان بىر ئاچ كۆز باينىڭ قېيىنئانىسىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان بىر توخۇسى بار ئىكەن. تەلىيىگە قېيىنئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىغا ــ سوپىنىڭ ئايالىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېكىيان ئادىتى بويىچە كۈندە بىردىن گۆھەر تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. باي بۇ گۆھەرنى سېتىپ، دۇكان

ئېچىۋالغان بولسىمۇ، سۇدەك ئېقىپ كىرگەن تىللا ـ كۈمۈشكە رازى بولماي، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ كويىدا پىتىراپ نامرات كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ يۈرىدىكەن. ئابرۇيى ئۆسكەنسېرى، تېخىمۇ كۆپ مال ـ دۇنيانىڭ غېمىدە ئۇخلىيالماي قاپتۇ. ئالتۇن ۋەسۋەسىسىدە باي توخۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق گۆھەرنى بىراقلا ئېلىپ، بىردىنلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئېسىل غەزىنىلىرى بار بايلار قاتارىغا ئۆتۈشنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئاياللىدىن ئوغرىلىقچە توخۇنى سويۇپتۇ، لېكىن، مېكىياننىڭ ئىچىدىن باي كۈتكەن گۆھەرلەرنىڭ بىرىمۇ چىقماپتۇ. مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىكەن. شۇمۇ ئىنساننىڭ قىلىقىمۇ ؟!

ــ ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. «قارنى يامان ھېيتتا ئۆلىدۇ.» كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇش مەردىنىڭ ئىشى، ئۇنداقلارنىڭ قايغۇ بىلەن نە ئىشى؟! كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەتكە ئېرىشمەكچى بولساڭ، مەردلىك گۈلىنى كۆڭۈلدە پورەكلەپ ئېچىلدۇرماق ۋاجىپكەن، شۇنداقمۇ ھەزرىتىم؟

ــ شۇنداق بالام، مەردلەر كىشى كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆزى پىيادە مېڭىپ، يىقىلغانغا ئېتىنى بېرەر. قارا، چىمەندىكى غۇچچىدە ئېچىلغان قىزىلگۈللەر مۇرابىبا بولۇشقا ئالدىراپ، شامالدا تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەردلەرنىڭ پېشىگە چەك

ئېسىل. خاتالاشساڭمۇ، شۇلار بىلەن بىللە بول. بۇ ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە مەردلەردىنمۇ ئارتۇق ياخشى يولداش بارمۇ؟!

مەردلەر ياخشىلىق ئورۇقىنى چاچقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ھەر زامان جەننەت دەرىخى ئۈنۈپ مېۋىلەيدۇ. ئىككى دۇنيالىق ساۋاب تاپاي دېسەڭ، تەكەببۇرلۇق تونىنى سېلىپ، ياخشىلىق تونىنى كەيگىن.

ــ مەردلەرنىڭ يولى كەڭ بولغاي، قىيادىكى قارىغاي كۆكنى سۆيگەنلىكتىن تىك ئۆسىدۇ. مېنىڭچە، تۈزلۈكۈڭدىن بېشىڭ تىك، مەردلىكىڭدىن يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ. شۇنداقمۇ ھەزرىتىم؟

ــ ئېيتقىنىڭ توغرا، ئىبراھىم، گەپ مەردلىك سۆيىدىن كۆڭۈلنى سۇغارماق پەرزدۇر. بىلگىنكى، خۇددى سېۋەتتە سۇ تۇرمىغىنىدەك مەردلەرنىڭ قولىدىمۇ مال ـ دۇنيامۇ تۇرمايدۇ. ئەمما، ئۇلارغا بەخت ھەر تەرەپتىن قوشلاپ كېلىدۇ، كۈلۈپ كېلىدۇ، يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. چۈنكى، مەردلەر ئەل بىلەن بىر چۈشنى ئورتاق كۆرگۈچىلەردۇر. نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، ئۇلارغا يول بەرگىن، ساخاۋەت نۇرلىرى كەڭ ئالەمگە تارالسۇن.

ــ مەردلىك ــ بىلىملىك، مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ، ئەڭ ئالىي پەزىلەت ھېسابلىنىدىكەن. ئەي ھەزرىتىم، شاگىرتلىرى شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، مېنىڭ ساقايماس كونا كېسەل ــ بېخىللىقنى يوقتۇرۇۋېلىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى نابۇت قىلغۇچىلاردىن بولغۇم يوق. دانالار قەلبىنى

تازىلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، قەلبىنى ساپلاش دېگەنلىك، قۇرۇق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىشىق بېرىپ، توغرىلىق يولىنى ئىزدەشتۇر، مەن ھەزرەتىنىڭ ھېكمەتلىرىنى قەلبىمگە چىراغ قىلىپ ياقتىم، ئىشىنىمەنكى، مېھنەتتىن قاچمىغان كىشى ئارزۇ باغلىرىدىن مەقسەت گۈلىنى ئۈزگەي.

ــ ئەقلىڭگە باركاللا، ئوغلۇم، ــ دېدى مەۋلانە ئەدىب سۆھبەتنى خۇلاسىلەپ كېلىپ، ــ ھاياتلىقتا ئىنسانغا مەردلىكتىنمۇ ئارتۇق مۆجىزىكار ياردەمچى بولمىسا كېرەك. ھەرۋاقىت مەردلىكنى ياقىلا. مەرد كىشىنىڭ ئۇنۇمسىز تۇپراق ـ شېغىللىقتىنمۇ ھوسۇل ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەن. بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل. ئۇنىڭدىن قەتئىي يىراق بول، دانالار ئۇنى رەت قىلىدۇ، بېخىللار ئۆز خەزىنىسىدە ئاچارچىلىقتىن ئۆلىدۇ، «ئالتۇن ـ كۈمۈش تاش ئىكەن، ئارپا، تېرىق ئاش ئىكەن» دېگەن گەپكە چىنپۈتكىن. مال ـ دۇنياغا ھېرىسلىك خۇددى زەھەرگە ھېرىس بولغان بىلەن باراۋەر. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كۆڭۈل بوستانىدىن يىراق قوغلا، تەمكىنرەك بول بالام.

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، ــ دېدى ئىبراھىم سوپى ئويچان كۆزلىرىنى تىكىپ، ــ بېخىللىق ئەشەددىي ۋابا ئىكەن، ئۇنىڭ يىلتىزى نەپسى بالاسىدا بولىدىكەن. ئۆزىگە ئۆزى

شەپقەت قىلمىغان كىشى ئەڭ قورقۇنۇشلۇق مەخلۇقتەك خارلىققا ئەڭ باپتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بالايى ھەبىرسقا ھەۋەس قىلغۇلۇقمۇ؟

— ئىنشائاللا، بالام! ئاللا ساڭا ھىدايەت نۇرى ئاتا قىلغاي.

................

سۆھبەتنىڭ ئاخىرى كۆڭۈللەر ئارا داۋاملاشتىكى، خۇددى چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇخلىماي تىڭشاپ تۇرغاندەك ئىدى.

بەشىنچى باب

## تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇر، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت

ــ ئەي بۇزرۇكۋار پەدەرىم، ــ دېدى جانىبېك، ــ شەيتان ئادەمنى مەنسىتمەي جەننەتتىن قوغلانغانىكەن. شۇنداقمۇ كىشىلەر باركەنكى، لاپ گېپىدىن شولا چىقماي تۇرۇپمۇ، گىدىيىپ بەھۇزۇر يۈرۈشىدۇ. كىشى ئايغىنىنىڭ ئاستىدىن چىققان توزان ئۈز بېشىغا قونىدۇ. قانتى يوق تۇرۇقلۇق، پاقا توختىماي كۇركىراپ «يەل شارى» نى كۆپتۇرۇپ ئېگىز ئۇچماقچى بولىدۇ . جاھاننىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن ئىشلىرى نېمىدېگەن كۇلكىلىك؟

ــ ئەي بالام، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئىنسانغا ئەڭ ئەۋزىلى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ، گۆھەردىن ئېسىل كەمتەرلىكتۇر. شۇڭا، تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇرۇپ، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىش. تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق، قىلىقلارنىڭ ياخشىسى كىچىك پېئىللىق. كىمكى ئۆزىنى ئۇلۇغ ساناپ مەنمەنچىلىك قىلىدىكەن، ئۇنى خالايىقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلۇغ ئەجدادىنىڭ

روھىمۇ ئۆچىدۇ. شۇڭا، تەكەببۇر تونىنى كىيگەن بولساڭ، تېز سال، خەلققە غادايغان بولساڭ، دەرھال تىلىڭنى تۈزەت. چۈنكى، كىشىنى ھۆرمەت ـ ئىززەتتى ھوسن ـ جامالىنىڭ ئاپتاپتەك يورۇق، گۈلدەك يېقىملىق بولۇشى ياكى مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ ھۈنەر، چېۋەرلىك، كۆيۈمچانلىق، مۇلايىملىق، كىچىك پېئىللىق، راستچىللىق تونىنى كىيگەنلىكىدە.

— بۇرۇن بىر توشقان ئۇچۇشنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇنداق شېرىن خىيالدا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قارشى جىلغىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرۈپ يېگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئۆتۈش مۇمكىن بولماپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر قۇيۇنتاز كېلىپ توشقاننى ئۇچۇرۇپ، قارشى قىرغاقتىكى ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. بۇ قىرغاقتىكى ھايۋانلار توشقاننىڭ ئۇچقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكىنى بەس ـ بەستە ئېيتىپتۇ. توشقان راستتىنلا ئۇچقان ئوخشايمەن دەپ، بۇ مۆجىزىدىن بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئابرۇيىمۇ ئېشىپتۇ. تېخىمۇ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. بىر كۈنى ئەتراپتىكى ھايۋانلار توشقاننىڭ ئۇچالايدىغانلىقىنى ماختاپ تۇرغاندا، توشقان خۇدىنى تامامەن يوقىتىپتۇ. «قاراڭلار، مېنىڭ ئۇچۇش ماھارىتىم ھەقىقەتەن قالتىس» دەپتۇ، ـ دە، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، قارشى قىرغاققا سەكرەپتۇ. چوڭقۇر جىلغىغا پاققىدە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. كىشى ئۆزىنى

بىلىشى كېرەكقۇ، تەقسىر.

— ئەي ئىبراھىم، — دېدى ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — توشقاننىڭ ئۇچقىنى نەدە بار؟ مانا بۇ تەكەببۇرلۇق ئەمەسمۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشتا كەمتەرلىكتىن ئارتۇق گۈزەل نەرسىمۇ بارمۇ؟! قارا، دەرەخنىڭ مېۋىسى ئوخشىغانسېرى، ئۇ شۇنچە ئېگىلىدۇ. بىلگىنكى، پەزىلەت ئىگىسى شۇنداق بولىدۇ. تېۋىلغا ئېگىلىدۇ، شۇڭا سۇنمايدۇ. تەكەببۇر، مەنمەنچى كىشىگە ھەرقاچان پالاكەت ۋە خاپىلىق، خەتەر يانداشتۇر. شۇڭا، بۇنداق ئىللەتتىن يىراق بولمىش ئاقىللىقتۇر. كۆڭۈلنى كەمتەرلىكتىن پەگاھ قىلساڭ، ئابرۇيۇڭ ئېگىز تۆردە بولىدۇ. كۆڭلۈڭنى تەكەببۇرلۇقتىن ئېگىز ئاسمان قىلساڭ، چېچىكىڭ چاي بولماي، ئۆزۈڭ يەر بولىسەن.

— بۇرۇن بىر كونا ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى كەلگەن بىر سېمىز ئۆكۈزنى كۆرۈپ پاقىلار قورققىنىدىن ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ، كۆپچىلىك بۇ مەخلۇقنىڭ يوغانلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. پاقىلاردىن بىرى ھەمراھلىرىغا:

— ھوي، نېمىسىگە ھەيران بولىسىلەر ئۇنىڭ! يوغىناش قىيىن نەرسىمىكەن شۇنچە، مانا ماڭا قاراڭلار، مەن ھازىر ئۆكۈزدىنمۇ يوغان بولىمەن، — دەپتۇ ـ دە، ئىچىگە ھاۋانى تارتىپ، كۆپۈشكە باشلاپتۇ. ھەمراھلىرىدىن:

— ئۆكۈزدەك بولدۇممۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ. باشقا پاقىلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆلگەندە ئاچچىقى كەلگەن پاقا ئۆكۈزدەك

بولىمەن دەپ، كۆچىنىپ ئىچىگە ھاۋانى تارتىۋېرىپ، چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ كۆچىسىز، نېپىز قورساق پەردىسى «پوككىدە» يېرىلىپتۇ ـ دە، ئۆلۈپتۇ. «ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، چالاسقا يۈگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن، — دېدى ئىبراھىم سوپى، — ئەي مەۋلانەم مۇشۇنداق ئىشلار نېمىشقا تۈگىمەيدۇ؟ كەمىنە ئاجىزەلىرى شۇنداق قارايدۇكى، كۆڭۈلدە بىخلىغان بۇ چېقىر تىكەننى كەمتەرلىنىڭ خەنجىرىدە كەسمەك ۋاجىپتۇر.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك. كىمدىن ـ كىم تەكەببۇرلۇق تونىنى كىيىدىكەن، ئۇنى پالاكەت باسماي قالمايدۇ. بۇنداقلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئەي لاپچى سۆزلىگىنىڭنىڭ بىرەر ئاساسى بولمىسا، نېمىگە بۇنچە كۆرەڭلەيسەن؟ بۇنىڭغا يەنە مۇنداق بىر ھېكايەت بار، — دېدى ھەزرەت سەل تىنىۋېلىپ، — مەن بولمىسام، بۇ ئۆتۈك بۇنچىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالمايتتى، — دەپتۇ يىپ.

— بىراق، — دەپتۇ بىگىز، — مەن بولمىسام سەن قاتتىق چەمنى تېشىپ ئۆتەلمەيتتىڭ.

— پېقىر شاگىرتلىرى شۇنداق ئويغا كەلدىمكى، پۈتۈن خارلىق ئەنە شۇنداق تەكەببۇرلۇقتىن كېلىدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ يىلتىزى تويماس نەپسىدۇر، كىچىك پېئىللىق بولۇش ئەڭ گۈزەل كىمخاب تون كىيىپ، مېھىر چەشمىلىرىدىن ئابى زەمزەم

ئېچىشتۇر.

— نەپس كۆڭۈلدىكى يىرگىنىچلىك ئالۋاستى ئىكەنكى، ھەر ۋاقىت ئۇنى دەرغەزەپ بىلەن يەرگە ئۇرماق پەرھىزدۇر. كەمتەرلىكتىن چۈمۈلە شىرغا ئايلىنىدۇ، تەكەببۇرلۇقتىن شىرمۇ پاشىدەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. شامنىڭ لاۋۇلدىشى ھەددىدىن ئاشسا، تاراملاپ شۇنچە ياش تۆكىدۇ. مەغرۇرلۇقتىن سۇۋادان مېۋىسىزدۇر. ئۇنىڭ بورانغا بەرداشلىق بەرمىكى بەسى مۈشكۈلدۇر.

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى جانبېك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بايلار بەك كېرىلىپ مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆز - كۆز قىلىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە قىڭغىر كۆزدە بېقىشىدۇ. نامراتلارنى بولسا، ئادەم ئورنىدا ھېچ كۆرۈشمەيدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭمۇ سورىقى بولامدۇ؟

— سورىقى بولمايدىغان ئىش يوق. قارا، كېرىلىپ — غادىيىپ تۇرغان تولكە تۇماق قومۇشنى جۇدۇن - چاپقۇن يەرگە ئۇرىدۇ. ئانا يەرگە ئېگىلىپ تۇرغان يۇلغۇن شاخلاپ كۆكلەيدۇ. ئويلاپ باق بالام، ئەگەر مۈلكۈڭگە تايىنىپ ئۇلۇغلۇق تالاشساڭ ۋە ئۇلۇغلۇققا قول ئۇزاتساڭ، مۈلكۈڭنىڭ نېمە پايدىسى بار، ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىسەن، سېۋەت - ساندۇقۇڭ مۇندا قالىدۇ. ئەگەر «تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى» مەن «ئېسىل» دېسە، مەن ئۇنىڭغا كېسىپ جاۋاب بېرىمەن: ئىنسانلار بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداش، ئوبدان سۈرۈشتۈرۈلسە، ئۇلار ئارىسىدا ھېچ

پەرق يوق.

— ئىككى مۈشۈك بىلەن مايمۇننىڭ مۇنۇ كەچۈرمىشلىرى مېنى ئويغا سالىدۇ، — دېدى ئىبراھىم سوپى ھېكايەت سۆزلەش ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىپ، — بۇرۇن ئىككى مۈشۈك بىر پارچە قۇرتنى ئوغرىلاپ كېلىپ، ئادىل بۆلۈشمەك بولۇپ مايمۇننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. مايمۇن قۇرتنى ئىككى پارچە قىلىپ تارازىغا سېلىپتۇ. بىر پارچىسى يەنە بىرىدىن ئېغىر كەپتۇ، مايمۇن تەڭشەيمەن دەپ چوڭراق پارچىدىن بىرنى چىشلەپ ئاغزىغا سايتۇ. يەنە تارازىغا سالسا، كىچىك پارچە ئېغىر كەپتۇ، مايمۇن ئۇنىڭدىنمۇ يەنە بىر چىشلەم يەپ، يەنە تارازىغا سېلىپتۇ. ئەمدىلىكتە ئاۋۋالقى پارچە ئېغىر كەپتۇ. مايمۇن شۇ تەرىقىدە، تەڭشەيمەن دەپ قۇرتنىڭ كۆپ قىسمىنى يەپ بوپتۇ، يەنىلا تەڭشەلمەپتۇ. تاقىتى تاق بولغان مۈشۈكلەر جىلە بولۇپ ئۆزئارا غۇدۇراپتۇ. غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار، كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق !؟

— كىشى كىم ئۆزىنى بەك ئەقىللىق چاغلىسا، ئۆزىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق بىرىگە دۇچار بولىغىسىدۇر. كىمكى مەنمەنلىك تونى كىيسە، ئۇنىڭ بارلىق دوست - بۇرادەر، قېرىنداشلىرىمۇ ئاخىر قىزغانچۇقلۇقتىن ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. جاھاننىڭ رەڭگارەڭ ئىشلىرى شۇنداق، بالام. سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇر، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت.

— ئەي مەۋلانەم، ماڭا جاۋاب بەرگىن، — دېدى ئىبراھىم سوپى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — كۆڭۈلنىڭ خۇشاللىقىدىن نېمىشقا قايغۇسى كۆپ بولىدۇ؟

— بۇ ئۆزۈڭگە باغلىق، خۇيۇڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ، ئويۇڭ قانداق بولسا، پەزىلىتىڭ شۇنداق بولىدۇ. غۇنچىنىڭ بەخت شادىغا قاراپ ھەۋەسلەن، بۇلبۇل، كېپىنەك ئۈستىدىن ئەگىپ كېتەلمەس. توزغاققا قاراپ ئىبرەت ئال، ئاجىزغىنە شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سەرسانە ئۇچىدۇ. بىرى كىچىك پېئىللىق بىلەن ئېگىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ئېتەك، يەنە بىر ياقا يەشمەيدۇ. يەنە بىرى، تولكە تۇماق كىيىپ، غادىيىپ تۇرىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، تويماس ئاچ نەپسىگە ئوت قويۇپ ئۇنى خارلىغان كىشى، ئاشۇ غۇنچىدەك ئەزىز شاد ياشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ھامان خارلىققا باشلايدۇ. كەربالانىڭ بورىنىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

................

سۆھبەت شۇ تەرزدە چوڭقۇرلاشقانسېرى جانىبېكنىڭ ئىلھام قۇشى تېخىمۇ ئېگىز پەر قاقاتتى. ئاپپاق قەغەز يۈزى غۇچچىدە دۇر - مەرۋايىتلارغا تولماقتا ئىدى. تەگسىز خىياللارنىڭ ئىلكىدە، نە ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. چۈش پەرىسىمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا ئەسىر ئىدىكى، خۇددى ھالال نېسىۋىسىدەك ھەر كەچتە ئۇنى قۇچاقلاپ ياتاتتى.

ئالتىنچى باب

# تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر

— ئەي ھەزرىتىم، ئىنساننىڭ نەپسى بالاسى ئۇنىڭ بېشىغا چىقىدىكەن، يەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، نەپسىنىڭ ئاۋارىسى بولۇپ، ئىنسان ئاخىر ھالاك بولىدىكەن. تەمەخورلۇقىدىن بىلىق قارماققا ئىلىنىدۇ، قۇشمۇ قەپەسكە چۈشىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ نجىستىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟

— دېگىنىڭگە مەنمۇ قوشۇلىمەن. ئاچ كۆزلۈك — نەپسى بالادۇر. نەسىھەتىمگە قۇلاق سال، تەمەگەر بولما. تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر. دېمەك، ئاچ كۆزلۈك كىشى ئۇچۇن ياۋۇز خىسلەت. ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر. داناlar ھەرگىزمۇ مۈلۈك غېمىنى يېمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئەلنىڭ بەخت - ئىقبالىدۇر. ئەي بالام، كۆز - قارنىڭنى توق تۇت، ھېرىسىڭ ھامان يەرگە ئۇرىدۇ.

— مال - دۇنيانىڭ ئەسىرى بولغاننىڭ دىلى تۇرخۇنىدەك ھەم تار، ھەم قارا بولىدىكەن.

— بۇرۇن بىر ئىشەك، — دېدى ئىبراھىم سوپى ھېكايەتتىن

سۆز باشلاپ، ـــ تومۇزدا سۇ ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، چوڭقۇر بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن بىر تۈلكىگە ئۇچراپتۇ. تۈلكە ئازگالنىڭ ئىچىدە يۇمران، تاتلىق ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە كىچىك بىر زەمزەم بۇلاقنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ، ھەمدە ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىسىدىن سىنى تەكلىپ قىلدىم، دەپتۇ. ئېشەك خۇشال بولۇپ ئازگالغا سەكرىشىگە، تۈلكە ئېشەكنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپتۇ - دە، بىرلا ئىرغىپ ئازگالدىن چىقىۋاپتۇ. بىچارە ئېشەك ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ كېچىككەنىدى. ئۇنىڭ نەپسى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىپتۇ. يارەببىم، تەقدىرنىڭ نى - نى قىسمەتلىرى بار - ھە؟

ـــ «سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر، ئاخىر ئوتقا سالادۇر» دېگەن شۇنداق بولسا كېرەك. ئاچ كۆزلۈك ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولىدۇ. ئەي ئەقىل ئىگىسى، دۈشمەن بىلەن ھەرگىزمۇ دوست بولما.

ـــ ئەي پەدەرىم، ئاچ كۆزلۈكنىڭ ياۋۇز سۈپەتلىرى قانداق بولىدۇ؟ ئاچ كۆز قاچان تويىدۇ؟

ـــ ئاچ كۆزلەر شۇنداقكى، دۇنيا - بايلىقنى يىغىپ تويمايدۇ، ئىگىسى قېرىيدۇ، لېكىن ئاچ كۆزلۈك قېرىمايدۇ. ئاچ كۆز ئاچ كۆزلۈكىنى ئۆلۈپ تۇپراق ئىچىگە كىرگەندىلا قويىدۇ. ئاچ كۆز مۇلۇك توپلاشتا ھېرىش ۋە زېرىكىشنى بىلمەيدۇ، ئاچ كۆزلۈك كېسىلىنىڭ داۋاسىنى كىم بىلىدۇ؟

— بۇرۇن بىر ئاچ بۆرە كەچقۇرۇندا بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە كېلىپ مارايتۇ... ئۆي ئىچىدىن كىچىك بىر بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى بالىسىنى بەزلەپ قايتا يىغلىساڭ، بۆرىگە بېرىۋېتىمەن، دەپ قورقىتىپتۇ. بۆرە بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. هامان تەييار لوقما ئېرىشىمەنغۇ دەپ، بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا بالا يەنە يىغلاپتۇ. ئانا، بالا قورقۇپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ: «يىغلىما بالام، بۆرىگە بەرمەيمەن، بۆرە كېلىدىغان بولسا، ئۆلتۈرىمەن» دەپ بەزلەپتۇ.

«ئادەملەردىن ماڭا قاچان مەنپەئەت يەتكەن، ئەمدى ئاستا كۆزدىن يوقىلاي» دەپ بۆرە بۇ جايدىن بەدەر قېچىپتۇ. ئەمما، كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كالتەك - توقماق يەپ ئۆلۈپتۇ. تەمەخورنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگىنى شۇ بولسا كېرەك.

— ئەي ئىبراھىم، شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، تەمەخورلۇقى ئاخىر گېلىدىن ئالىدۇ. شۇڭا، يولۋاسنى يەڭگەن ئادەم باتۇر ئەمەس، بەلكى نەپسىنى يەڭگەن باتۇر بولۇشى كېرەك. تەمەگە ئەجەل يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئاخىر كىشىنى پۇشايمان دەرياسىغا غەرق قىلىدۇ. ئاڭلا، شۇنداق بىر گەپ بار: بىر كىمگە ئىككى چاڭگال دىنار بېرىلسە، ئۇ ئۈچ چاڭگال تەلەپ قىلىدۇ.

— بۇرۇن بىر ئاۋات شەھەر بولغانىكەن. بارلىق ماللار ياخشىسى بولامدۇ، ناچىرى بولامدۇ ئىشقىلىپ، بىرلا خىل باھادا

سىتىلىدىكەن. بىر ئىشان تالىپنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە كەپتۇ. تالىپى ئىشاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، مۇشۇ شەھەردە قېپقاپتۇ. ئۇ شەھەردە بىر ئوغرى بار ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم باينىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرىگەندە بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى ئوغرى ئاشۇ باي ماڭا بالايىئاپەت كەلتۈردى، دەپ قاراپ، قارغاپتۇ ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ پادىشاھقا ئەرز سۇنۇپتۇ. ھېلىقى باي بولسا، ئۆگزىسىنى ياپقان ياغاچچىنى ئەيىبلەپتۇ، شۇ تەرىقىدە ياغاچچى تامچىنى، تامچى بورا توقۇغۇچىنى، بورا توقۇغۇچى كەپتەرۋازنى، كەپتەرۋاز باخشىنى ئەيىبكە بۇيرۇپتۇ. باخشى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ باخشىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. لېكىن، شۇ چاغدا مۇرەككەپ ئەھۋال كۆرۈلۈپتۇ. باخشىنىڭ بويى بەك ئېگىز، دار بولسا پەس بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەيلەننى دارغا ئېسىشقا توغرا كەپتۇ. خالايىق ئىشاننىڭ ھېلىقى تالىپىنىڭ بوي - تۇرقىنىڭ بۇ شەرتكە دەل چۈشىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. تالىپنى دارغا ئاسايلى دەپ تۇرۇشىغا ئىشان كەپقاپتۇ - دە، قايىل قىلارلىق سۆزلەر بىلەن ئاقلاپ تالىپنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ ھەمدە تاماشا كۆرگۈچى بولۇپ ئاشۇ سورۇندا تۇرغان ئوغرىنىڭ بوي - تۇرقىنىڭ دارنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە تازا دەل كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ ئوغرىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىپتۇ.

ھېلىقى ئوغرى پادىشاھتىن ئۆزىنى دەرھال دارغا ئېسىپ

ئۆلتۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ ھەمدە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دۆت پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ. چۈنكى، باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ھازىرقى پادىشاھلىق مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىمىش.

پادىشاھ دارغا ئېسىلىپ ئۆلۈپتۇ، ھېلىقى ئوغرى قويۇپ بېرىلىپتۇ ھەمدە «ئوغرى يوق شەھەر» گە پادىشاھ بوپتۇ.

ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق.

— ئاچ كۆزلۈك بەجايىكى، كەربالانىڭ ئوتىدۇر. بالام، ئۇنىڭدىن يىراق بولماق پەرزدۇر. بۇنداق كىشىلەر ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل بىلەن ئۆز ئۆمرىنى نابۇت قىلغۇچىلاردۇر. ئاھ، رەببىم!

ئۇلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئەي ئاچ كۆز، ئاچ كۆزلۈكنىڭ نېمە پايدىسى بار، ئېيتقىنا ماڭا، ئۇ نېمىگە يارايدۇ؟ تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن رىزىقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن، ئاچ كۆزلۈك ئۇنى ياخشىلىيالامدۇ؟

— ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ ياتقان تۈلكە بىرەر ئوزۇقلۇق تاپارمەن دېگەن نىيەت بىلەن ئورمانلىققا كىرىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز ئىككى توشقان بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چىقىپ قاپتۇ. خۇشاللىقتا خۇدىنى يوقاتقان تۈلكە

«بىرنى يېسەم قورسىقىم تويمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىككىلىسىنى تۇتۇپ يېيىشىم كېرەك» دەپتۇ - دە، بىرلا سەكرەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. توشقانلار ئۇركۇپ ئوقتەك ئالغا چېپىپتۇ، تۈلكە باشتىكى ئويى بويىچە، بىردەم ئوڭ تەرەپتىكىنى، بىردەم سول تەرەپتىكى توشقاننى قوغلاپ يۈرۈپ، داۋان ئېشىپ، قىر ئاتلاپ بارا - بارا قارا تەرگە چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. توشقانلار بولسا ئۇنى قوغلىسا بۇ، بۇنى قوغلىسا ئۇ دېگەندەك ھاردۇق ئېلىۋېلىپ تۈلكىنى ئەخمەق قىلىپ ئويناپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، تۈلكە ماغدۇرىدىن تامام كېتىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ تىرىككىدە يىقىلىپتۇ. توشقانلار مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئامان - ئېسەن ئۆيىگە كېتىۋاپتۇ. ھېكايەتتىن شۇ ئېنىقكى، ئاچ نەپسىنىڭ قۇلى بولغان — مۇرادسىز، بەختى قارىدۇر.

— بىلگىنكى، ئاچ كۆزنىڭ ئەقلىمۇ خۇنۇك، تەمەگە ھەر ۋاقىت ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر. قىلغان ئىشى نەتىجىسىز، بەتبەشىرىلىكتۇر. دانالار ئەسلا ئۇنىڭدىن قول ئۈزگەن. ئۇنى سۆكىدۇ. يىلاننىڭ زەھىرىمۇ ئۇنىڭ زەھىرىگە تەڭ كېلەلمەس. قولۇڭنى تارت، يىلان بىلەن ئويناشما.

— تۈلكە نەپسى بالاسىدىن تۇزاققا چۈشىدۇ، بېلىقمۇ قارماققا ئىلىنىدۇ، قۇشمۇ قەپەسكە چۈشىدۇ، بۇ ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان كونا قائىدە. ئادەم قاچانغىچە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ؟

— تەمەخورلۇققا نېمە تەڭ كېلىدۇ؟ — دەپتۇ بىرمويىسىپىت

دانا، ــ كاللا تەمەگە ئەجەل يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەسلىك نېمە دېگەن بىچارىلىك ـ ھە ؟! بۇرۇن شۇنداق بىر كىشى ئۆتۈپتۇكى، نەپسىنى يىغالماي، گۇناھ قىلىپ كۆپ قېتىم زىندانغا چۈشۈپتۇ، ھەتتا دارغا ئېسىلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس ـ تاماس قاپتۇ. شۇنچە قىلسىمۇ بۇ جەھەتتىن ئۆزىنى تۇتالمايدىكەن. بىر كۈنى چۈشىدە بىر تېۋىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېگۇدەك: بېشىڭ ئامان قالسۇن دېسەڭ، ئاچ كۆزۈڭنى ئوي، يۇگۇرۇك تىلىڭنى كەس، يوغان گېلىڭنى بوغ.

بۇ ھېكايەتتىن ساۋاق ئالمىغان كىشى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ.

ــ توغرا دەيسەن، ئىبراھىم، ــ دېدى ھەزرەت ۋەزىمىن ئاھاڭدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، ــ تەمەخورنىڭ گېلى تۆشۈك دەيدۇ ئەل، ئەي نەپسىگە قۇل بولغان كىشى بەئەينى ئەركىتىن مەرھۇم قالغان قۇلدۇر. ئەي ئەزرائىلنىڭ زىندانىغا كىرىپ قالغان بىچارە، تەمەخورلۇقۇڭدىن ئابرۇيۇڭ يەر بىلەن يەكسان بولدى، يەنە قولۇڭنى تارتمايسەنغۇ؟ مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك ئەمەسمۇ !؟

ــ ئەي ھەزرىتىم، ــ دېدى جانىبېك كۆزلىرىدىن مەمنۇنلۇق نۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ، ــ بۇ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى قەغەز يۈزىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە كۆڭۈل دەپتىرىمگىمۇ چىرايلىق نەقىشلىۋالدىم. خۇشال، ئازادە ياشايمەن دېگەن كىشى ئەل تەمەسىدىن قول ئۈزۈشى كېرەك-كەن. تۇرمۇشتا باي ـ

باياشاتلارنى كۆرۈپ، مەيۈسلىنىشنىڭ نە كارايىتى؟ «مەندىنمۇ تۆۋەنلەر بارغۇ؟» دېگەنى ئويلاپ تۇرۇش كېرەككەن، شۇنداقمۇ؟!

..................

سۆھبەتنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشى ياش خەلپىنىڭ قەلبىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان ماگىنىنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان ھېكمەت لاۋالىرىنى توسۇش مۇمكىنمۇ؟

يەتتىنچى باب

# يامانلىققا ياخشىلىق قىل

— ئەي مەۋلانە پەدەرىم، — دېدى جانىبېك، — تىلسىماتلارنىڭ تىلسىمى ئادەم ئىكەن. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە نېمىسگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

— دېگىنىڭ ئورۇنلۇق، ئوغلۇم، ئادەمنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس. شۇغىنىسى ئېنىقكى، ئەسلى گۈزەل كىشىنىڭ خۇيى گۈزەل كېلىدۇ. گۈزەل خۇيلۇق ئادەمگە كۆڭۈل باغلىنىدۇ. ئادەمنىڭ پۈتۈن قىلىق - ھەركىتىنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئاندىن باھا بەرگىن. كىم كەڭ قورساق بولسا، شۇنى ئادەم دېگىن. تار قورساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەختۇر، مېۋىسىز دەرەخنى كېسىپ قالىغىن.

— بىر كىشى ئىككى ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىرراق، يەنە بىرىنىڭ يېنىكرەك ئىكەن. ئېشەكنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ياردەم سوراپتۇ:

— ئاكا، بولالمىدىم، بىرئاز ياردەم قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— نېمە كارىم، — دەپتۇ يەنە بىر ئېشەك، — مەن

كېتىۋېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، يوكى ئېغىر ئېشەك ھېرىپ ھالى قالماي، ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى يوكنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئېشەككە ئارتىپتۇ. «ھورۇن ئېشەكنىڭ يوكى ئېغىر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

— ياخشىلىقنى بىلمەسلىك ئىنسانلىققا ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

— ئەي مەۋلانە شەيخىم، مۇكەممەل ئىنسان ھەممىدە ياخشىلىققا قول ئۇزىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئاسانغا توختىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۇلۇغلۇققا يېتىشتە قانداق پەزىلەتلەرنى ھازىرلاش كېرەك بولىدۇ؟

— ئۇلۇغلۇققا يېتىشتە كىشى ئەڭ ئاۋۋال نەپسىنى يەڭمەك لازىمدۇر. ئەي بالام، شۇنداق قىلىشقا ماڭا ۋەدە بەرگىن، ئەڭ ياخشى تائامىلىرىڭنى باشقىلارغا يېگۈز، يارامىلىق ئىگىن تاپساڭ يالىڭاچلارغا كىيگۈز. كىشىلەرگە زورلۇق قىلما ۋە جاپا سالما. ئەگەر ساڭا باشقىلاردىن جاپا كەلسە، ئۇنى كۆتۈرگىن. يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل. ياخشى بىلگىنكى، بۇ، كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۇستۇن بەلگىسىدۇر. ئەگەر ساڭا بىر كىمدىن ياخشىلىق كەلسە، ئۇ كىشىگە كۆپ مەدھىيە ئوقۇ ھەم مەدھىيە تىلە. ئەيىبكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر، ئاداۋەت يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلا. غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ

يانسا، مۇلايىملىق سۈيىنى چاچ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈر. شۇنى بىلگىنكى، كەڭ قورساقلىق گويا بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ھۇلىدۇر ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق ئۇنىڭدىكى قىزىلگۈلدۇر. دېمەك، يىقىلغاننى يۆلەپ، كېسىلگەننى ئۇلا. بۇنداق كىشىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. ئۇلۇغلۇق دېگەن بولسا مۇشۇنچىلىك بولار.

ــ بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن دادىسىنى بېقىش ئېغىر تۇيۇلغاچقا، دەرياغا تاشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى دادىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرغاندا، دادىسى:

ــ بالام، مېنى تاشلىماقچى بولساڭ ئەنە ئاۋۇ... چوڭقۇر قاينامغا تاشلىغىن، ــ دەپتۇ ھاسىراپ، ـ مەنمۇ بوۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنىدىم.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ: مەن دادامنى خارلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدىغان بولسام كەلگۈسىدە مېنىمۇ باللىرىم تاشلىۋەتسە قانداق بولغىنى؟

شۇنىڭ بىلەن ئوغلى دادىسىنى ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ ئوبدان بېقىپتۇ. بۇ ھېكايەت شۇنى دەيدۇكى، ياخشىلىققا ياخشىلىق بار، قانداق قىلساڭ، ساڭىمۇ شۇ ياندۇ. ئاچ نەپسىنى دەپ ياخشىلىقتىن قول ئۈزۈشمۇ ۋىجدانغا قىلغان بىر ئاسىيلىقمۇ دەيمەن ؟!

— جاھاننىڭ نى ـ نى قىسمىتى ئىنساننى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ئوتى سۇسلاشسا، رەھىمسىزلىك يامرايدۇ. ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق ۋاباكى، بۇنداق نىجىس روھنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مۆمىنىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزىدۇر.

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ، — دېدى جانىبېك چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغان ھالدا، — ئون بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە، ئىنساننىڭ بەخت شولىلىرى قانداق قىلغاندا بۇ پانىي ئالەمنىڭ قايغۇ ـ ئەلەم تۇمانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يارقىن جۇلالايدۇ؟

— بالا كەلسە، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋرى قىل. بالا ۋە زەخمەت يوقىلىپ شادلىقنىڭ كېلىشىنى كۈت. جاپانىڭ نۆۋىتى كېتىپ، ئوتى ئۆچىدۇ، سەۋرى ئىگىسى ساۋابىنى يۇدۇپ قالىدۇ. ئەي ئەزىز ئىنسان، كەل، سەۋرى تۇۋرۇكىگە كۆڭۈلنىڭ ئېتىنى باغلا. خاپىلىققا سەۋرى قىلساڭ، شادلىق ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ، بالا ـ قازاغا سەۋرى قىلساڭ، بەخت قۇشى ھامان بېشىڭغا قونىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق — قاراڭغۇلۇقتۇر، ئۇنىڭدىن كىممۇ تەسەللى تاپقان؟ قارا، سەدەپ سەۋرى قىلغانلىقتىن گۆھەرلىك بولدى، تاش ياقۇتقا ئايلاندى، ئەي نەپسى بالا، ئوت تىللىرىگىنى يىغىشتۇر، بۇ سەۋرى ـ قانائەتنىڭ بېغىدىن مېۋە ئۈز.

يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشسەڭ، ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما. ئەتلەس

كېيىسەڭ، بوز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما. ئۆسكەنسېرى مۇلايىم بولۇپ، چوڭ ۋە كىچىككە سىلىق سۆز قىل. سۆزلىسەڭ ئۇقۇپ سۆزلە، ئالدىراپ كەتمە. سۆزۈڭنى يوشۇر، كېيىن بېشىڭنى يوشۇرۇپ يۈرمە. مىڭ ئادەم ساڭا دوست بولسا، ئۇنى كۆپ دېمە، بىر ئادەم ساڭا دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دېمە. شۇنى بىلگىنكى، غەيۋەتخورنىڭ كۆتى يوق، يولۇقتۇڭمۇ، بالاسىغا سەن قالىسەن، ھەسەتخورنىڭ ئۆتى يوق، يۇقتۇڭمۇ، ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلىسەن. بۇ ئىككى مەرەز كېسەلدىن ساقلان. ئېغىزىڭغا بوي بەرمىگەن تىلىڭنى ۋىجدان تىغىدا كەس، كۆڭلۈڭگە ئارام بەرمىگەن ئاچ كۆزۈڭنى ئىنساپ پىچىقىدا ئوي.

— بۇرۇن بىر كىشى بازاردىن بىر قوي، بىر ئۆچكە سېتىۋاپتۇ. ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بىرەر ئاي باققاندىن كېيىن سەمرىپ قالغان ئۆچكە بىردەم قوتاندا، بىردەم باغدىكى كۆكتاتلار ئارىسىدا قىيغىتىپ يۈرۈپ ئۆيدىكىلەرگە زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. بۇنىڭدىن زېرىككەن ئۆي ئىگىسى ئۇنى تۇتۇپتۇ ـ دە، كانىيىغا پىچاق سۇرۇپتۇ. ياۋاش قوي بولسا تېخىمۇ سەمرىپ پارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. «يامان بولسا بېشىنى يەر، ياخشى بولسا ئېشىنى يەر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

— ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. مېنىڭچە، يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى باشقا چىقسا، ياخشىلىقنىڭ ئاخىرى ئاشقا بولىدۇ.

— نېمىنى قىلىش ـ نېمىنى قىلماسلىق مەسىلىسى

قەلبىنىڭ پاكىزلىقى ۋە چىركىنلىكى بىلەن باغلىق بولىدۇ. كىسەللىكمۇ شۇنىڭدىن چىقامدىغاندۇ دەپ ئويلايمەن. ئەي دانىشمىنىم، ئىنسان خام سۈت ئەمگەنلىكتىن چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ، جەننەتتىن ئايرىلغانىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ تۇرمۇش دوقاللىرىدىكى تۇرلۇك - تۇمەن ئىشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغۇلۇق؟

— گېپىڭنىڭ ئاساسى بار، ئوغلۇم. شۇنىڭغا ھەرگىزمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدۇكى، ھەرقانچە ئەقىللىق كىشىمۇ بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدۇ، ھەرقانچە ئۇستا ھۈنەرۋەندىمۇ بىرەر ئەيىب بولىدۇ. مۇشۇ بىر ئەيىب سەۋەبىدىن كامىلىسىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، بۇ دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەم قالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ياخشى قىلىق بىلەن كۆڭۈللەرنى ئېچىپ ياشا، يامانلىقتىن ئۆزۈڭنى نېرى تارت. بىر ئىش قىلساڭ، ئۇنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېرەكلىك ياكى كېرەكسىزلىكىنى ھەقىقىي بىلىپ قىل. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدان كۆزدىن كەچۈر. ئۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلا. سۆيۈنۈشلۈك بولسا ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، ئۆكۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنى ئوبدانراق ئويلا. سەۋەنلىك — بىر غەلەت. سەگەك بولمىساڭ، سېنى ئۆلۈم ھالىكىلىرىغا باشلايدۇ. بىلگىنكى، زىيادە مۇكەممەللىك قوغلىشىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك بىر ئىش. نۇقسانسىزلىق پەقەت قۇياشقىلا تالىق، ئۇنىڭدىن ئۇستۇنلۇك تالاشقان ئايغا قارا،

يۈزىدە قارا دېغى بار.

— بۈگۈنكى تىللادەك ئەزىز كالاملىرىدىن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن كۆپ جەبىر - جاپاغا بەرداشلىق بېرىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە مەستانە بولماسلىق كېرەك. كىشىنىڭ مەردلىكى نۇرلۇق گۆھەردۇركى، كۆڭۈللەرگە شىپالىق شولا چاچىدۇ. كۆڭلى پاكىز، يورۇق كىشى گۆھەرلىك كىشىدۇر. قىزىقى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئاددىي پەلسەپىنى بىلمەيدۇ، شۇنداقمۇ شەيخىم، — دېدى جانىبېك ھاياجانلىنىپ.

— توغرا دەيسەن بالام، شۇڭا مېنىڭ دائىم شۇنداق مۇراجىئەت قىلغۇم كېلىدۇ: ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن كىشى، تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ. كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ، كىشى ياخشى دوستىنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. يامانغا يولىما، يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ. ئەي ئوغلۇم، ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاي دېسەڭ، ياخشىلىققا قول بەر، يامانلىقتىن يىراق قاچ.

................

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جانىبېك تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى بىرىنمۇ قالدۇرماي يېزىپ قويىدى. ئۇ بۇ چوڭقۇر ھېكمەتلەردىن دولقۇنلىغان يۈرىكىنى ئاران بېسىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ بۇنچىلىك چوڭقۇر مۇتالىئەگە

قاتناشقانلىقىدىن قاتتىق خۇش بولغانىدىكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەش قىيىن بولسا كېرەك. ئۇ ھەزرەتنىڭ پېشنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، پېشىغا سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدۇ. ھەزرەتنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى ئىبراھىم سوپىدەك جان ـ دىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرەتتى. تاتلىق ھېسلار ئارا ئۇيقۇغا كەتتى.

سەككىزىنچى باب

## زاماننىڭ ئەيىبلىمەي، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلە

— ئەي مەۋلانە پەدەرىم، شۇ تاپتا كۆڭلۈم شۇنداق پەرىشان، — دېدى جانىبېك ئۇھسىنىپ، — ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ، دېگەندەك، دوستلىرىم مېنىڭ يامان گېپىمنى ئۆزئارا قىلىشىپ، ئۇستۇمدىن ئەپسانە تارقىتىپ يۈرۈپتۇ، كېچىچە تۈزۈكرەك كىرپىك قاقمىدىم، جاھان قانداق بولۇپ كەتتى، مېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈمنىڭ ئالىي مۇكاپاتى مۇشۇمىدۇ؟

— ئەي ئوغلۇم، بىلگىنكى، دانالار پاتقاقتا چالما ئاتمايدۇ. دەر ھەقىقەت، دوستلۇق ساختىلىشىپ كەتتى، ھەقىقەت قېنى؟ مىڭلارچە دوستتىن بىرمۇ سادىقى چىقمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن سادىق دوستۇڭدەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدىن ۋاپاسىزدۇر، بۇنى بىلىپ قوي.

— ئەي دانىشمىنىم، قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك سەلتەنىتى ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىنىدە بىتەۋپىقلەرنىڭ ئىچكى ماجىرا ئوچاقلىرىدىن بۇقسۇپ چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكنىڭ قاتمۇ قات ئىسكەنجىسىدە قاپقارا بويالماقتا. جەمئىيەتتە يات ئادەت -

قىلىق، غەيرىي كىيىنىش، سالام ـ ساھەت، مۇناسىۋەت قىلمىشلىرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. قىزىق، قايسى ئەلدە نەچچە ئون كۈنلەپ كەچنى تاڭغا ئۇلاپ، توي ـ مەشرەپ ئوينايدىغان، مەھەللىمۇ مەھەللە نەزىر ـ چىراغقا قاترايدىغان ئاشۇنداق زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىدىغان ئادەت بار؟! قايسى ئەلدە بىزنىڭكىدەك سوپى ـ ئىشان ۋە دىنني ئەسەبىيلىك بولۇك ـ پۇشقاقتا يامرايدۇ؟! ئەي مەۋلانە پەدەرىم، كىيىمنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. شۇ تاپتا تەپەككۇر قۇشۇم شۇنداق گاراڭكى، نەگە ئۇچۇشنى، نەگە قونۇشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

— ئەي بالام، مەنمۇ شۇنداق ئازابلىنىمەنكى، بۇلارنى ئويلىسام، خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتىمەن. بۈگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر. ئىسىت، ئىنسانلىق قېنى؟ نەگە كەتتى؟ ۋاپا كۆلى سوغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى، جاپا تولۇپ ـ تاشقىن دېڭىزدىن ئاشتى! قېنى ئەھدە ـ ئامانەت، قېنى ياخشىلىق؟ مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، كېيىنكى كۈنلەردە ياخشى ئىشلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ، ياخشىلىقنىڭ بېشى كېتىپ بولدى، ئاخىرىمۇ كېتىدۇ، يامانلىقنىڭ ئالدى كەلدى، ئاخىرىمۇ كېلىدۇ. زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەبىر - جاپا بىلەن تولدى، قېنى بىر ساۋابلىرى؟ بار بولسا تىلە، ئۆزۈڭ بۇزۇق، شۇڭا زامانمۇ بۇزۇلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇ دۇنيادىن شىكايەت قىلىسەن؟ ئەمما، ئېسىڭدە چىڭ ساقلاپ شۇنىڭغا ئەمەل قىلغىنكى، ھەرقانداق چاغدا ئۆز ۋىجدانىڭنى پەس قىلما،

قەددىڭنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ياشا. بۇ جاھان شۇنداقكەن، كىم ئىككى يۈزلىمىچى بولسا، شۇ ئەتىۋارلىق بولۇۋاتىدۇ، ئېتىبارلىق بولىمەن دېسەڭ، ماڭ ئىككى يۈزلىمچى بول. كىم يوللۇق بولسا، ئۇنىڭغا يول يوقتۇر، كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر. ئەي ئەخلاقسىز، شادلىنىپ كەزگىن، بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ، خالىغىنىڭنى قىل، تىلىكىڭ بويىچە راھەت ئىچىدە قايغۇسىز ياشا!سېنى قەيەردە ۋە قانداق تىل بىلەن كىم توسىدۇ؟

— ئەي بۇزرۇكۋار پەدەرىم، — دېدى جانىبېك قايىللىق بىلدۈرۈپ، — شۇنداق كىشىلەر كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ، مال ـ دۇنيايىڭ كۆپ بولسا، سەن بىلەن ئالاقە قىلىدىكەن، بولمىسا كارى يوق. ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئارىسىدىمۇ بۇ خىل تۇرمۇش پەلسەپىسى بازار تاپقاندەك قىلىدۇ. مال ـ دۇنيا بولمىسا جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايدۇ. ھاياتلىققىمۇ كېپىللىك قىلغىلى بولماس. ئەجەبا، بىر ئادەمگە نۇرغۇن مال ـ دۇنيامۇ كېرەكمۇ ؟

— ئەي بالام، ئىنسان نەپسى — شەيتاندۇر. نەپسىنى ئۆلتۈرمەك ۋاجىپتۇر. ئۇنداقلارغا ۋارقىراپ مۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئەي مال ـ دۇنياغا ھېرىس كىشى، ھەقىقەت بىلگىنكى، بۇ مال بۇگۈن قايغۇ ۋە غەم، ئەتە بولسا يۈك ۋە گۇناھتۇر. مال ـ دۇنيايىڭ ھارام بولسا، ئاخىر ئازاب بولىدۇ، ئەگەر مال ـ دۇنيايىڭ ھالال بولسا، ئۇنىڭمۇ ھېساباتى بولىدۇ. نېمىشقا مال ـ

دۇنياغا مۇنچىۋالا ھېرىسسەن؟ ئويلايدىغىنىڭ شۇ، مال ـ دۇنيا، سۆزلەيدىغىنىڭمۇ شۇ. ئۆزۈڭ كېتىسەن، مال ـ دۇنيايىڭ دۈشمىنىڭگە قالىدۇ، سېنىڭ مال ـ دۇنيايىڭ سېنى كەتكۈزىدىغان مال ـ دۇنيا، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ساڭا بىر ھەسرەتتۇر. توپلاش سەن ئۇچۇن تاتلىق بولغىنى بىلەن ئەتە تاشلاپ كېتىش ئاچچىق بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ئارىلاشما بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە دەردى ناھايىتى كۆپ، لەززىتى ئازدۇر، ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ، ھەسەلدىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى يېتىشقا توغرا كېلىدۇ. جاپا تارتىشتىن ئۆكۈنمە. ئالتۇن ۋاقتىڭنىڭ بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كېتىشىدىن ئۆكۈن. تارتقان جاپايىڭ ياخشىلىققا بولسا، كېرەك يوق. ناۋادا ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بولسا، دەرھال باشقا يولغا ماڭ. چۈنكى، بۇنداق ئىشلاردىن ياخشى نەتىجە چىققان ئەمەس. ئىككى نەرسىنى تاللىما: بىرى، تاماق، يەنە بىرى، ئىش ـ ئەمگەك. چۈنكى، ئۇلار ھالال بولسىلا كۇپايە. تاماق تاللاش ئادەمنى ئاجىز، كېسەلچان قىلىپ قويىدۇ، ئىش ـ خىزمەت تاللاش كىشىنى باشقىلارغا ھاكاۋۇر، شۆھرەتپەرەس قىلىپ كۆرسىتىدۇ. دانالار دەيدۇكى، خىزمەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق، مۇھىمى خەلققە پايدىلىق ئىكەنلىكىدە، بىلگىن. ئەمما، ئىككى نەرسىنى چوقۇم تاللا: بىرى، چىن دوست، يەنە بىرى، تەۋپىق. دوست توغرا تاللانمىسا، قەلبىڭدە ئۆمۈرلۈك جاراھەت ئىزى قالىدۇ، تەۋپىق بولمىسا، تارتقان جاپاغا تۇشلۇق راھەت بولمايدۇ.

ئەي بالام، بىلگىنكى، تۇرمۇش كەچۈرۈش — ھاياتنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقى. قولغا سانچىلغان تىكەندىن ئاغرىنىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، ئۇلۇغ يېرى گۇلنىڭ خۇش پۇرىقىدىن بەھرىلىنىشنى بىلىشتۇر. بىكارچىلىق — كېسەللىك، قېرىلىق، ئازاب - ھەسرەت بىلىملىرىنىڭ قۇياشىدۇر.

— ئەي شەيخۇل پەدەرىم، ئەقىل نۇرى بىرلە كۆڭۈل كۆزۈمنى ئاچتىلا، ھەممىنى ئىخلاس قەغىزىگە تولۇقى بىلەن كەشتىلەپ ئالدىم. ئاخىرىدا شۇنى سوراي، ئادەم ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ دۇنياغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى زۆرۈرمۇ؟

— شۇنداق بالام، نەپسىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، روھنى ئۇستۇن تۇتۇش بەرھەقتۇر. مەۋلانە شەيخۇل ماشايىخ، سۇلتانۇل ئارىپىدىن بولمىش خوجا ئەھمەد يەسەۋى ھەزرىتىم ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەنكى، كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، نەپسى - شەيتانىنى يېڭىشتە. ھەممە كىشى باراۋەردۇر، ھەرقانداق كىشىگە ئازار بەرمە، مەيلى ئۇ باشقا دىندىكى كىشى بولسىمۇ، ئاللا كۆڭۈل ئازار كىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئەي ئوغلۇم، بۇ پانىي دۇنيا ئەسلىي بىۋاپادۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پەسلەرنى كۆتۈرۈپ ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئەمىسە، بۇ قۇتسىز دۇنيا قېرىپ ئەقلىدىن كەتتىمۇ؟! ئاڭلا، بالام، زامانىڭنى ئەيىبلىمەي، كىشىلىرىڭنى ئەيىبلە. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز غۇرۇر، نومۇسۇڭنى قوغدىغىن. زالىملارغا قولچۇماق بولما، ناكەسلىكلەردىن قولۇڭنى بۇلغىما. نامراتلارغا يانتاياق

بولكى، قىلغان ياخشىلىقىڭغا ئۇلاردىن نان تىلىمە، مەردلەر بۇنى رەت قىلىدۇ. دېگەنلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتماي، پۇشايمان زەھىرى بىلەن قەلبىڭنى ئۆرتىمە.

.................

سۆھبەت شۇنداق ئاخىرلاشتىكى، ئەمما كۆڭۈللەرنىڭ پىچىرلاشلىرى ئۇزاققىچە توختىمىدى. ھەزرەتكىمۇ قىرىلىق يېتىپ قالغان بولسىمۇ، پىكىر - ھېسسىياتى خۇددى چاپچىپ تۇرغان تايچاقتەك ئويناپ - ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆڭۈل كۆڭۈللەردىن سۇ ئىچسە، كىشىنىڭ روھىي ھالىتىمۇ شۇنداق جۇشقۇن بولسا كېرەك.

## توققۇزىنچى باب

# «ئۆزۈم كەتتىم، سۆزۈم قالدى»

مىلادىيە 1158 ـ يىلى، سەپەر ئېيى ئاخىرلىشىپ، قىرو مەزگىلى كەلدى. يوغان ۋە كەڭ يوپۇرماقلىق دەل ـ دەرەخلەر ئالتۇن هالقا ئېسىشىپ، تويغا جابدۇنغان قىزلاردەك گۈزەللەشتى. هەزرەتنىڭ كىچىككىنە بېغىمۇ ئاجايىپ رەڭ جۇلاسى بىلەن بېزەلگەن، يېشىل، سېرىق، قىزغۇچ، كۆكۈچ، ئاقۇچ رەڭ ـ بوياقلارنىڭ سېزىمىدە كىشى مەست بولاتتى. ئاددىي، ئەمما پاكىز، سەرەمجان ئانچە چوڭ بولمىغان مېهمانسارايدا هەزرىتىم ئۆز هېكمەتلىرىنى جانىبېك هۆسنخەت كامالىتىدە رەتلەپ چىققان نۇسخىسىدىن قايتا ـ قايتا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، بەزى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەتتى.

ــ ئۆمرۈمنىڭ كەچ كۈزى يېتىپ كەلدى، ــ دېدى هەزرەت ئېغىر ئۇهسىنىپ، ــ ئەي بالام، باهار ئۆتىدۇ، كۈز كېلىدۇ، ئۆمۈر ئۆتىدۇ، بۇ باهار بۇ كۈزلەر ئۆمۈرنى تۈگىتىدۇ. كىشى كېتىدۇ، سۆزى قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈركىي كىتابنى

چىقاردىم. خالىساڭ بۇنى قوبۇل قىل، ئەي دوست، خالىساڭ ئەيىبلە. ئۆزۈم كەتسەم سۆزۈم قالسۇن دەپ، بۇ كىتابنى تەڭداشسىز گۈزەل سۆزلەر بىلەن يازدىم. سۆزلەرنىڭ كېرەكسىزلىرىنى تاشلاپ، تاللاپ كەلتۈردۈم. ئادەتتە ھەزىل كۆپ، لېكىن نادىر ۋە ساپ سۆز ئاز بولىدۇ، خۇددى زەرلىك ئەتلەس ئاز، ئەرزان بۆز كۆپ بولغىنىدەك.

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى جانىبېكمۇ تەسەللىي شەربىتىدىن لىقلاپ تولدۇرۇپ، — ھېكمەتلىرىنى ئۈگۈت - نەسىھەت شەكلىدە ساپ قەشقەر تىلىدا رەتلەپ چىقتىم. ئۇقۇسا تىل خۇددى ھەسەل يېگەندەك بولىدۇ. كىمكى بۇ سۆزلەرنى باشقىلارنىڭ سۆزى بىلەن سېلىشتۇرسا، دۇرۇس بىلەن يالغاننى سېلىشتۇرغان بولىدۇ. شۇڭا ھەزرىتىمنىڭ بۇ دىۋانى ساپ ۋە ئۈز كىتابتۇر.

— ئەي مەۋلانە پەدەرىم، بۇ بەكمۇ خاسىيەتلىك ئەمگەك بوپتۇ، قۇت بولسۇن، ھەربىر بېتىنى يۇلتۇزلار نەقىشلىگەي، ھەربىر قۇرىنى گۈلى رەيھان سۆيگەي، — دېدى ئىبراھىم دىۋاننى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

— ئەي مەۋلانەم، — دېدى خەلپىلەر تەڭلا، — مۇبارەك دىۋانىڭ قۇتىغا بىر دۇئا بەرسىلە!

مۇڭلۇق قىرائەتتىن كېيىن ھەزرەت قىسقا دۇئا قىلدى، ئارقىدىن ئىبراھىم شۇنداق مۇڭلۇق قىرائەت قىلدىكى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ دەرھال شاخلارغا قونۇپ، جىمجىت تىڭشىغاي. بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى

ۋەزمىن ئاھاڭدا ئىغىز ئاچتى:
— مەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر بۇ دىۋانىمنى ئوقۇسا، مېنىڭ روھىم ئەمىن تاپىدۇ.
دۇئالىرىنى ئايىمىغاي.
— ئەي ھەزرىتىم، كۆڭۈللىرىنى بىھۇدە غەم ئوتىغا قاقلىمىسىلا. ھاياتلىق يولى تېخى ئۇزۇنغۇ. ئۆمۈر دەرەخلىرى بارلىقسان بىر ئوبدان تۇرۇپتىغۇ؟
— يۇزمىڭ شۇكۇر، ئۆمرۈمنىڭ كۈز پەسلى كېلىپ قالسىمۇ سىلەر بىلەن بىللە يەنە يەيدىغان رىزقىم باركەن، ئەمما شۇنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەنكى، جىنچىرىغىم ئۆچەيلا دەپ قالدى. بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى سارايدۇر. شۇڭا، قەلب ھېكمەتلىرىمدىن بىرەر نىشانە قالدۇرۇشقا شۇنداق ئالدىرايمەن.
ھەزرەتنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ خىرقىراپ قالدى، دېمى سىقىلىپ، ئىغىر - ئىغىر تىناتتى، مۇبارەك قەددى يادەك ئېگىلگەن، سانسىز قورۇقلار باسقان ئايتاپ مەسەللىك چېھرىدىمۇ قېرىلىق داغلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى. رەھىمسىز دۇنيا كىمنى قېرىتمايدۇ؟
— مەۋلانە پەدەرىم، بوۋىكالانىم، كۆز نۇرۇم - قۇۋۋىتىم بولمىش ئەھمەد يەسەۋى ھەزرەتلىرىم، — دېدى ھەزرەت ئاران تىنىپ، — ئاللا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، كىچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، «دىۋانى ھېكمەت» تىن ھېكمەت پاساھەتلىرىنى ئېيتىۋاتقۇدەك، بىردەمدە مۇبارەك قولى بىلەن

يۈزۈمنى سىلاپ بىر «سۇف» قىپتىمىش، كۆزۈم ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇدەك، كۆردۈمكى، بۇخارا مەدرىسەسى بولسا كېرەك، خۇشاللىق ھاياجىنىغا چۆمۈلگەن مىڭلارچە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىدەكمەن، شەيخۇل ماشايىخ بۇلۇت كۆرپىگە ئولتۇرۇپ ئۇچقىنىچە، ئاستا ـ ئاستا غايىب بوپتۇدەك، ئەي رەببىم...!! ئەزاننىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، ئۇستىبېشىم چىلىق ـ چىلىق تەر تۇردۇم. ئاھ، مەۋلانە بۇزرۇكۋار بوۋىكالان مېنى سېغىنىپتۇ...

ئۇزاق ئۆتمەي تىمتاسچىلىق لەشكەرلىرى قارا بۇلۇتتەك بىسىپ كىردى. گويا جاھاندا مىڭ يىل ئۆتۇپ كەتتى. شۇنداق، دۇلقۇنلىغان يۈرەكلەرنىڭ رىتىمىغا نېمە تەڭ كېلەلىسۇن؟ نىھايەت، ئۆي ئىچى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتا تەۋرىدى، تاتارغان تاملارغا قايتا جان كىردى. تەپەككۇر شامىلى كۆڭۈل چېچەكلىرىنى تىنىمسىز يەلپۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى خۇش پۇراققا تولدۇردى. ھەزرەت بىلەن تالىپ باغۋەن بىلەن غۇنچىغا ئوخشاش ئىپادىلىگۈسىز ھاياجاندا شۇنداق مۇڭداشتىكى، تۆۋەن مەھەللە مەسچىتىدىن قۇتبىدىن مەزىنىنىڭ خۇپتەن نامىزىغا سوزۇپ ـ سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغىچە داۋاملاشتى. كىمخاب تون كىيگەن ئاسمان گۈمبىزى ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ غادايغىنىچە بۇ ئىككى نۇرلۇق چىراغقا ھەسەت ئارىلاش باقاتتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەۋلانە شەيخىم!

سۆھبەت تازا قىزىغاندا، بىر كىچىك مۇلازىم بالا ھويلىغا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن، ھاسىراپ چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن قارىغاندا مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەلۇم بولدىكى، شەيخۇل ماشايىخ خوجە ئەھمەد يەسەۋى قۇتلۇق ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانمىش، ھازىر بۇخارا شەھىرىگە كىرىپ بولغانمىش. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت تاماملىنىپ، سەپەر تەييارلىقى قىلىندى.

— ئاھ پىرىم، — دەيتتى ھەزرەت ئىچىدە ھاياجاندىن يەڭگىل تىترەپ، — مانا ھازىر ھۇزۇرلىرىغا ئۇنىمەن، مۇبارەك ئاياغلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، ساخاۋەتلىك قوللىرىنى سۆيىمەن، ئەي ئاللا، يولۇمنى شامالدەك تېز قىلغايسەن، ۋىسال دەملىرىنى نېسىپ قىلغايسەن، ئېھ، بۇخارا، قايدىسەن؟! باغرىڭغا مېنى باس، مۇبارەك خاكىڭنى كۆزۈمگە سۈرەي!

**图书在版编目(CIP)数据**

真理的入门：维吾尔文／艾合买德·尤格纳克著；艾力·依米提修改编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第2辑)
ISBN 978-7-5469-1445-9

Ⅰ. ①真… Ⅱ. ①艾… ②艾… Ⅲ. ①散文-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035754号

| | |
|---|---|
| **丛 书 名** | 享受少儿名著丛书 - 2 (6) |
| **书　　名** | 真理的入门 |
| **策　　划** | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| **作　　者** | 艾合买德·尤格纳克 |
| **编　　写** | 艾力·依米提 |
| **责任编辑** | 买哈巴·铁外库 |
| **责任校对** | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| **特约校对** | 阿不都热依木·阿不力米提 |
| **封面设计** | 努尔买买提·吾买尔 |
| **出　　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| **邮　　编** | 830000 |
| **发　　行** | 新疆新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| **开　　本** | 880×1230mm 1/32 |
| **印　　张** | 2.875 |
| **版　　次** | 2011年3月第1版 |
| **印　　次** | 2011年3月第1次印刷 |
| **书　　号** | ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9 |
| **总 定 价** | 106.00元（全10册） |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

رەۋزەتۇززۆھرە

مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن

رابىيە - سەئىدىن

كىتابى غېرىب

مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئەتەبەتۇلھەقايىق

غېرىب - سەنەم

تاھىر - زۆھرە

كەلىلە ۋە دىمنە

ھۆرلىقا - ھەمراجان

8.00

ISBN 978-7-5469-1445-9

9 787546 914459 >

总定价:106.00元（全10册）